# ئەر - ئايالنىڭ ھەق - ھوقۇقلىرى

ئەبۇ بەسىر تەرتۇسىي

تەرجىمە قىلغۇچى: ئەبۇ ئابدۇللاھ

تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسى ئىسلام ئاۋازى نەشرىياتى

بسم الله الرحمن الرحيم

شۈبھىسىزكى، بارلىق ھەمدۇ-سانالار اللە قا خاستۇر! ئۇ زاتتىن ياردەم ۋە مەغپىرەت تىلەيمىز، نەپسىمىزنىڭ شەررىدىن ۋە ئەمەللىرىمىزنىڭ يامانلىقىدىن اللە قا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمىز. اللە ھىدايەت قىلغان كىشىنى ھېچكىم ئازدۇرالمايدۇ ۋە اللە ئازدۇرغان كىشىنى ھېچكىم ھىدايەت قىلالمايدۇ. گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، بىر اللە تىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ئۇ يەككە-يېگانىدۇر، ئۇنىڭ ھېچ شېرىكى يوقتۇر. يەنە گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، مۇھەممەد ﷺ اللە نىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسىدۇر.

مەقسەتكە كەلسەك، بۇ دەۋردىكى كۆپىنچە كىشىلەرنىڭ ئەھۋالى ھەققىدە ئويلانغان كىشى ئۇلارنىڭ مال-دۇنياغا بېرىلىپ، ئاخىرەتتىن يۈز ئۆرۈگەنلىكىنى ۋە اللە تائالانىڭ ئۆز بەندىلىرىگە پەرز قىلغان شەرئىي ۋاجىبات ھەقلەرنىڭ كۆپىنچىسىگە سەل قاراۋاتقانلىقىنى، شۇ سەۋەبتىن ئادالەتسىزلىك ۋە زۇلۇمنىڭ كەڭ دائىرىدە تارقالغانلىقىنى ئۇچرىتىدۇ. شۇڭا بۇ ھەق-ۋاجىباتلارنى ئەسلىتىش يۈزىسىدىن ئەبۇ بەسىر تەرتۇسىينىڭ «حُقُوقٌ ووَاجِبَاتشَرَعَهَا اللهُ لِلْعِبَاد» ناملىق كىتابىدىكى «ئەر-ئايالنىڭ ھەق-ھوقۇقلىرى» دېگەن مەزمۇننى تەرجىمە قىلىپ ئەر-ئايال مۇئمىن قېرىنداشلارنىڭ پايدىلىنىشىغا سۇندۇق.

اللە تائالادىن بۇ ئەمەلىمىزنى خالىس قىلىپ بېرىشىنى ۋە بۇ كىتابچىنى قېرىنداشلىرىمىزنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىكى ئۈچۈن مەنپەئەتلىك قىلىپ بېرىشىنى تىلەيمىز.

# ئەرنىڭ ئايال ئۈستىدىكى ھەق ـ ھوقۇقلىرى

ئەرنىڭ ئايال ئۈستىدە نۇرغۇن ھەقلىرى بار بولۇپ، ئايالنىڭ ئېرىگە ئىتائەت قىلىشى، ياخشى ئىشلاردا ئېرىگە ئاسىيلىق قىلماسلىقى، ئېرى تۆشەككە چاقىرسا باش تارتماسلىقى، ئېرى يوق ۋاقىتتا ئۆز نەپسىنى ۋە ئېرىنىڭ مېلىنى ياخشى ساقلىشى، شۇنداقلا ئېرىنىڭ بالىلىرىغا نەسىھەت قىلىش، كۆڭۈل بۆلۈش ۋە مېھرىبانلىق قىلىش بولسا ئەرنىڭ ئايالى ئۈستىدىكى ھەقلىرىنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿الرِّجَالُ قَوَّامُونَ عَلَى النِّسَاءِ بِمَا فَضَّلَ اللَّهُ بَعْضَهُمْ عَلَى بَعْضٍ وَبِمَا أَنْفَقُوا مِنْ أَمْوَالِهِمْ﴾ «ئەرلەر ئاياللارنىڭ ھامىيلىرىدۇر. بۇ، الله نىڭ ئۇلارنىڭ بەزىسىنى بەزىسىدىن (يەنى ئەرلەرنى كۈچ ـ قۇۋۋەت، غازاتقا چىقىش قاتارلىق جەھەتلەردە ئاياللاردىن) ئارتۇق قىلغانلىقىدىندۇر ۋە ئەرلەرنىڭ ئۆز پۇل ـ ماللىرىنى سەرپ قىلغانلىقىدىندۇر (يەنى ئاياللارنىڭ نەپىقىسى ئەرلەرنىڭ زىممىسىگە يۈكلەنگەنلىكىدىندۇر)».[1]

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمِنْ آيَاتِهِ أَنْ خَلَقَ لَكُمْ مِنْ أَنْفُسِكُمْ أَزْوَاجاً لِتَسْكُنُوا إِلَيْهَا وَجَعَلَ بَيْنَكُمْ مَوَدَّةً وَرَحْمَةً إِنَّ فِي ذَلِكَ لَآيَاتٍ لِقَوْمٍ يَتَفَكَّرُونَ﴾ «ئاياللار بىلەن ئۈنسى ـ ئۈلپەت ئېلىشىڭلار ئۈچۈن (الله نىڭ) ئۇلارنى سىلەرنىڭ ئۆز تىپىڭلاردىن ياراتقانلىقى، ئاراڭلاردا (يەنى ئەر ـ خوتۇن ئارىسىدا) مېھىر ـ مۇھەببەت ئورناتقانلىقى الله نىڭ (كامالى قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان)

[1] سۈرە نىسا 34 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئالامەتلىرىدىندۇر. پىكىر يۈرگۈزىدىغان قەۋم ئۈچۈن شەك ـ شۈبھىسىزكى بۇنىڭدا نۇرغۇن ئىبرەتلەر بار». [1]

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿نِسَاؤُكُمْ حَرْثٌ لَكُمْ فَأْتُوا حَرْثَكُمْ أَنَّى شِئْتُمْ﴾ «ئاياللىرىڭلار سىلەر ئۈچۈن (خۇددى) ئېكىنزارلىقتۇر (يەنى نەسىل تېرىيدىغان جايدۇر)، ئېكىنزارلىقىڭلارغا خالىغان رەۋىشتە كېلىڭلار». [2]

بۇ ھەقتە يەنە تۆۋەندىكىدەك ھەدىسلەر كەلگەن.

عن أبي هريرة قال: قال رسولُ الله ﷺ: «كلُّ نفسٍ من بني آدمَ سيِّدٌ، فالرَّجُلُ سيِّدُ أهله، والمرأةُ سيِّدةُ بيتها».

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئادەم بالىسىدىن ھەربىر جان ئىگىسى خوجايىندۇر، ئەر كىشى ئۆز ئەھلىگە خوجايىندۇر، ئايال كىشى ئۆز ئۆيىگە خوجايىندۇر». [3]

وعن ابن عمر، عن النبي ﷺ قال: «كلُّكم راعٍ وكلُّكُم مسؤولٌ عن رعيته، والأميرُ راعٍ، والرجلُ راعٍ على أهلِ بيته، والمرأة راعيةٌ على بيتِ زوجِها وولده، فكلُّكُم راعٍ وكلكم مسؤولٌ عن رعيَّته».

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «سىلەرنىڭ ھەممىڭلار پادىچى ۋە ھەممىڭلار ئۆز پادىلىرىڭلاردىن سوراق قىلىنىسىلەر. ئەمىر پادىچى، ئەر كىشى ئۆز ئائىلىسىگە پادىچى، ئايال كىشىمۇ

[1] سۈرە رۇم 21 ـ ئايەت.

[2] سۈرە بەقەرە 223 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[3] سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمى 4565 ـ ھەدىس.

ئېرىنىڭ ئۆيىگە ۋە ئۇنىڭ بالىلىرىغا پادىچى. سىلەرنىڭ ھەممىڭلار پادىچى ۋە ئۆز پادىلىرىڭلاردىن سوراققا تارتىلىسىلەر». ①

وعن أبي هريرة قال: قال رسول الله ﷺ: «إذا صلَّت المرأةُ خَمسَها، وصامَت شهرَها، وحَصَّنت فرجَها، وأطاعَت زوجَها، قيل لها: ادخلي الجنَّةَ من أيِّ أبوابِ الجنَّةِ شِئتِ».

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئايال كىشى بەش ۋاق نامىزىنى ئوقۇسا، رامىزان روزىسىنى تۇتسا، ئەۋرىتىنى (ھارامدىن) ساقلىسا ۋە ئېرىگە ئىتائەت قىلسا، ئۇنىڭغا: <جەننەت ئىشىكلىرىنىڭ ئۆزۈڭ خالىغىنىڭدىن كىرگىن> دېيىلىدۇ». ②

وعنه قال: قال رسول الله ﷺ: «خيرُ النساءِ التي تَسرُّهُ إذا نظَر، وتُطيعُه إذا أمَرَ، ولا تُخالِفُه في نفسِها ولا مالها بما يكره».

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئاياللارنىڭ ئەڭ ياخشىسى، قارىسا ئېرىنى خۇرسەن قىلىدىغان، بۇيرۇسا ئىتائەت قىلىدىغان، ئۆزىدە ۋە مال ـ مۈلكىدە ئېرى يامان كۆرىدىغان ئىشلار بىلەن ئېرىگە قارشى چىقمايدىغان ئاياللاردۇر». ③

وعن كعب بن عجرة قال: قال رسول الله ﷺ: «ألا أُخبرُكُم بنسائِكم من أهل الجنَّةِ؟ الودودُ، العؤود التي إذا ظُلِمت قالت: هذه يدي في يدِك، لا أذوقُ غمضاً حتى تَرضى».

---

① بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

② ئىبنى ھىببان رىۋايىتى، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

③ ئەھمەد، نەسائى ۋە ھاكىم رىۋايىتى، ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.

كەئب ئىبنى ئوجرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «مەن سىلەرگە جەننەت ئەھلى بولغان ئاياللاردىن خەۋەر بېرەيمۇ؟ كۆيۈمچان، زۇلۇمغا ئۇچرىسىمۇ[①] ئاچچىقىدىن تېز قايتىپ، (ئېرىنىڭ كۆڭلىنى ئېلىش ئۈچۈن): ‹مانا بۇ قولۇم سىزنىڭ قولىڭىزدا، مەن سىز رازى بولمىغۇچە ھەرگىز كۆز يۇممايمەن (ئۇخلىمايمەن)› دەيدىغان ئاياللاردۇر».[②]

وفي رواية قال ﷺ: «ألا أخبركم بنسائكم في الجنَّة؟ كل ودودٍ ولودٍ، إذا غضبت أو أُسيء إليها أو غضبَ زوجها قالت: هذه يدي في يدِكَ، لا أكتحِلُ بغمضٍ حتى ترضى».

يەنە بىر رىۋايەتتە، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «مەن سىلەرگە جەننەت ئەھلى بولغان ئاياللاردىن خەۋەر بېرەيمۇ؟ ئېرىنى ياخشى كۆرىدىغان، كۆپ پەرزەنت تۇغقان، ئاچچىقى كەلگەندە ياكى خاپا بولغاندا ۋە ياكى ئېرى ئاچچىقلىغان ۋاقىتتا: ‹مانا بۇ قولۇم سىزنىڭ قولىڭىزدا. مەن سىز رازى بولمىغۇچە ھەرگىز ئۇخلىمايمەن› دەيدىغان ئاياللاردۇر».[③]

وعن أبي أُذينة الصدفي، أن رسولَ الله ﷺ قال: «خير نسائكم الودود الولود، المواتية ،المواسية، إذا اتقينَ الله، وشرُّ نسائكم المتبرِّجات المتخيلات، وهنَّ المنافقات، لا يدخل الجنة مِنهنّ إلا مثلُ الغراب

---

[①] «زۇلۇمغا ئۇچرىسىمۇ» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى، ئېرى ئايالىغا بېرىشكە تېگىشلىك نەپىقىنى كەم بېرىۋاتقان ۋە ياكى كۆپ ئاياللىق بولۇپ، تەقسىماتتا ئادىللىق قىلالمايۋاتقان بولسىمۇ ئېرىنى رازى قىلغان ئايالنى مەقسەت قىلىدۇ.

[②] تەبرانى رىۋايىتى، ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.

[③] تەبرانى ۋە دارىقۇتنى رىۋايىتى، ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.

الأعصم».
ئەبۇ ئۆزەينە سەدەفى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئاياللىرىڭلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى، الله تىن قورقۇپ، ئېرىنىلا ياخشى كۆرىدىغان، كۆپ پەرزەنت تۇغقان، (ياخشى ئىشتا ئېرىگە كۆپ جېدەل قىلماي) ئىتائەت قىلىدىغان ۋە ياردەملىشىدىغان ئاياللاردۇر. ئاياللىرىڭلارنىڭ ئەڭ يامىنى، (جاھىلىيەت دەۋرىدىكى ئاياللاردەك) زىننەتلىنىدىغان ۋە (يامان ئىشنى) خىيال قىلىدىغان ئاياللار بولۇپ، ئۇلار مۇناپىق ئاياللاردۇر. ئۇلاردىن جەننەتكە كىرىدىغانلىرى (خۇددى باشقا قاغىلارغا نىسبەتەن) تۇمشۇقى ۋە ئىككى پۇتى قىزىل قاغىلارنىڭ (ئاز بولغىنىدەك) ئىنتايىن ئازدۇر». ①

وعن طلق بن علي قال: قال رسولُ الله ﷺ: «إذا دعا الرَّجُلُ زوجتَهُ لحاجته فلْتأتِه وإن كانت على التَّنُّورِ».
تەلقى ئىبنى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئەر كىشى ئايالىنى ھاجىتىگە چاقىرسا، گەرچە ئۇ ئايال تونۇر بېشىدا بولسىمۇ كەلسۇن». ②

## ئەرنىڭ ئايالى ئۈستىدىكى ھەققى ناھايىتى چوڭدۇر

عن معاذ قال: قال رسول الله ﷺ: «لو تعلمُ المرأةُ حقَّ الزوجِ، لم تقعد ما حضرَ غداؤهُ وعشاؤه حتى يَفرغَ منه».
مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئەگەر ئايال كىشى ئېرىنىڭ ھەققىنى بىلسە

① بەيھەقى رىۋايىتى، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.
② تىرمىزى ۋە نەسائى رىۋايىتى، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

ئىدى، ئېرىنىڭ ئەتىگەنلىك، كەچلىك تامىقىنى ھازىرلاش ۋاقتىدا تاكى يولدىشى تامىقىنى يەپ بولمىغۇچە ئولتۇرمايتتى».[1]

وعن أبي سعيدٍ قال: قال رسولُ الله ﷺ: «حقُّ الزوجِ على زوجتهِ أن لو كانت به قرحةٌ، فلحَسَتها ما أدَّت حقَّهُ».

ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئەرنىڭ ئايالى ئۈستىدىكى ھەققى (شۇ دەرىجىدە چوڭكى)، ئەگەر ئەر كىشىدە بىرەر جاراھەت بولسا، ئايالى ئۇنى يالىغان تەقدىردىمۇ يەنىلا ئېرىنىڭ ھەققىنى ئادا قىلالمايدۇ[2]».[3]

وعن أنس قال: قال رسولُ الله ﷺ: «لا يَصلُحُ لبشرٍ أن يَسجُدَ لبشرٍ، ولو صَلُحَ أن يسجدَ بشرٌ لبشرٍ لأمرتُ المرأةَ أن تَسجدَ لزوجها؛ من عِظَمِ حقِّهِ عليها، والذي نفسي بيده، لو أنَّ من قَدمِه إلى مَفرقِ رأسِه قُرحةً تنبجِسُ بالقيحِ والصَّديد، ثم أقبلت تَلحسَهُ ما أدَّت حقَّه».

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئىنساننىڭ ئىنسانغا سەجدە قىلىشى دۇرۇس ئەمەس، ئەگەر دۇرۇس بولغان بولسا، (ئەرنىڭ ئايال ئۈستىدىكى ھەققى ناھايىتى چوڭ بولغاچقا) ئايال كىشىنى ئېرىگە سەجدە قىلىشقا بۇيرۇيتتىم. جېنىم ئىلكىدە بولغان زات الله بىلەن قەسەمكى، ئەگەر ئەر كىشىنىڭ قەدىمىدىن باشلاپ بېشىنىڭ چاچ

---

[1] تەبرانى رىۋايىتى، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[2] بۇ يەردىكى مەقسەت ئەرنىڭ پەزىلىتى ۋە ئۇنىڭ ھەققىنىڭ چوڭ ئىكەنلىكىنى بايان قىلىشتۇر، ئايال كىشىنىڭ ئېرىنىڭ جاراھىتىنى يالىشى مەقسەت ئەمەس چۈنكى بۇ ئايال كىشى قادىر بولالمايدىغان ئىشتۇر. ئىسلام ھېچكىمنى تاقىتى يەتمەيدىغان، قادىر بولالمايدىغان ئىشقا تەكلىپ قىلمايدۇ.

[3] ھاكىم رىۋايىتى، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

ئايرىمىسىغىچە جاراھەت بولۇپ، ئۇ دائىم زەرداپ ئاقتۇرۇپ تۇرسا، ئاندىن ئايالى ئالدىنى قىلىپ يالىغان تەقدىردىمۇ يەنىلا ئېرىنىڭ ھەققىنى ئادا قىلالمايدۇ». ①

وعن زيد بن أرقم أن معاذاً قال: يا رسولَ الله أرأيتَ أهلَ الكتاب يسجدون لأساقفتهم وبطارقتهم، أفلا نسجد لك؟ قال ﷺ: «لو كنت آمراً أحداً أن يسجدَ لأحدٍ لأمرتُ المرأةَ أن تسجدَ لزوجها، ولا تؤدي المرأةُ حقَّ زوجها حتى لو سألها نفسها على قَتَبٍ لأعطته».

زەيد ئىبنى ئەرقەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئەھلى كىتابلار (يەھۇدىي ۋە ناسارالار) ئۆزلىرىنىڭ دىنىي پېشۋالىرىغا ۋە پوپلىرىغا سەجدە قىلىدىكەن، بىزمۇ سىلىگە سەجدە قىلمامدۇق؟» دېۋىدى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېدى: «ئەگەر مەن بىر ئىنساننى ئىنسانغا سەجدە قىلىشقا بۇيرۇغان بولسام، ئەلۋەتتە ئايالنى ئېرىگە سەجدە قىلىشقا بۇيرۇغان بولاتتىم. ھەتتا ئەر كىشى تۆگىنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ ئايالىنى بىللە بولۇشقا چاقىرسا، ئايالى ئېرىگە ئىتائەت قىلمىغۇچە ئېرىنىڭ ھەققىنى ئادا قىلالمايدۇ». ②

وفي رواية عنه، قال ﷺ: «لو أمرتُ أحداً أن يسجدَ لأحدٍ، لأمرتُ المرأةَ أن تسجُدَ لزوجها، مِن عِظَمِ حقِّه عليها، ولا تجدُ امرأةٌ حلاوةَ الإيمان؛ حتى تؤدِّيَ حقَّ زوجِها، ولو سألها نفسَها وهي على ظهرِ قَتَبٍ».

يەنە بىر رىۋايەتتە، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئەگەر مەن

---

① ئەھمەد ۋە نەسائى رىۋايىتى، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

② تەبرانى رىۋايىتى، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

بىر ئىنساننى ئىنسانغا سەجدە قىلىشقا بۇيرۇغان بولسام، ئەرنىڭ ئايال ئۈستىدىكى ھەققى ناھايىتى چوڭ بولغاچقا ئەلۋەتتە ئايالنى ئېرىگە سەجدە قىلىشقا بۇيرۇيتتىم. ھەتتا ئەر كىشى تۆگىنىڭ ئۈستىدىكى ئايالنى بىللە بولۇشقا چاقىرسا، ئايال ئېرىنىڭ ھەققىنى ئادا قىلمىغۇچىلىك ئىمانىنىڭ ھالاۋىتىنى تېتىيالمايدۇ».[1]

وعن عبد الله بن أبي أوفى قال: قال رسولُ الله ﷺ: «والذي نفسُ محمدٍ بيده، لا تُؤدي المرأةُ حقَّ ربّها حتى تُؤدِّي حَقَّ زوجِها كُلَّه».

ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبۇ ئەۋفا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «مۇھەممەدنىڭ جېنى ئىلكىدە بولغان زات بىلەن قەسەمكى، ئايال ئېرىنىڭ ھەممە ھەقلىرىنى ئادا قىلمىغۇچىلىك رەببىنىڭ ھەقلىرىنى ئادا قىلالمايدۇ».[2]

وعن حُصين بن مُحصن قال: حدثتني عمتي قالت: أتيت رسولَ الله ﷺ في بعض الحاجة، فقال: «أي هذه أذاتُ بعلٍ؟» قلت: نعم، قال: «كيف أنتِ له؟» قالت: ما آلوه، إلا ماعجزت عنه، قال: «فانظري أين أنت منه، فإنما هو جنَّتُكِ ونارُكِ».

ھۇسەين ئىبنى مۇھسىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ماڭا ھامما ئاچام بەزى ھاجەتلەر سەۋەبلىك رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ قېشىغا كەلگەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى. پەيغەمبەر ﷺ: «ماۋۇ ئايالنىڭ ئېرى بارمۇ؟» دەپ سورىۋېدى، مەن: «ھەئە» دەپ جاۋاب بەردىم. پەيغەمبەر

---

[1] ھاكىم رىۋايىتى، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[2] ئەھمەد، ئىبنى ماجە ۋە ئىبنى ھىببان رىۋايىتى، ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.

ﷺ: «سىز ئىبرىڭىزغا قانداق ئىتائەت قىلىسىز؟» دېۋىدى. مەن: «تاقىتىم يەتسىلا ئۇنىڭغا (خىزمەت قىلىش ۋە ئىتائەت قىلىشتا) سۇسلۇق قىلمايمەن» دېۋىدىم، پەيغەمبەر ﷺ: «سىز ئىبرىڭىزدىن ئۆزىڭىزنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىڭىزگە قاراپ بېقىڭ، ئۇ پەقەت سىزنىڭ جەننىتىڭىز ۋە دوزىخىڭىز»[1] دېدى.[2]

وعن أبي سعيدٍ الخدري قال: أتى رجلٌ بابنته إلى رسولِ الله ﷺ، فقال: إن ابنتي هذه أبت أن تتزوَّجَ، فقال لها رسولُ الله ﷺ: «أطيعي أباكِ»، فقالت: والذي بعثكَ بالحق لا أتزوَّجُ حتى تُخبرني ما حقُّ الزَّوج على زوجَتِه. قال ﷺ: «حقُّ الزوج على زوجتِه، لو كانت به قُرحةٌ فلحستها، أو انتثرَ مِنخَراه صَديداً أو دماً ثمَّ ابتلعتهُ ما أدَّت حقَّه». قالت: والذي بعثك بالحق لا أتزوَّجُ أبداً، فقال ﷺ: «لا تُنكِحوهنَّ إلا بإذنهنَّ».

ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق دەيدۇ: بىر كىشى رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ يېنىغا بىر قىزىنى باشلاپ كېلىپ: «ئى رەسۇلۇللاھ، بۇ قىزىم ياتلىق بولغىلى ئۇنىمايۋاتىدۇ» دېدى. پەيغەمبەر ﷺ: «داداڭغا ئىتائەت قىلغىن!» دېدى. ئۇ قىز: «سېنى ھەق بىلەن ئەۋەتكەن زات بىلەن قەسەمكى، سەن ماڭا ئەر كىشىنىڭ ئايالى ئۈستىدىكى ھەق-ھوقۇقلىرىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى دەپ بەرمىگۈچە توي قىلمايمەن» دېدى. پەيغەمبەر

---

[1] يەنى سىز ئىبرىڭىزنىڭ رازىلىقى بىلەن جەننەتكە ئېرىشەلەيسىز، ئىبرىڭىزنىڭ نارازى بولۇشى ۋە غەزەپ قىلىشى بىلەن جەھەننەمنىڭ ئوتىغا كىرىسىز، شۇڭا ئىبرىڭىزنى رازى قىلىشقا تىرىشىڭ.

[2] تەبرانى ۋە ھاكىم رىۋايىتى، ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.

ﷺ: «ئەر كىشىنىڭ ئايالى ئۈستىدىكى ھەق ـ ھوقۇقلىرى (شۇ دەرىجىدە كۆپكى)، ئېرىنىڭ بىر يېرىدە يىرىڭلىق يارا بولسا، ئايالى شۇنى يالىسىمۇ ياكى بۇرنىنىڭ تۆشۈكى قان ـ يىرىڭغا تولۇپ كەتكەن بولسا، ئايالى شۇنى يۇتۇۋەتسىمۇ ئېرىنىڭ ھەققىنى ئادا قىلالمايدۇ» دېدى. بۇنى ئاڭلىغان قىز: «سېنى ھەق بىلەن ئەۋەتكەن زات بىلەن قەسەمكى، مەن مەڭگۈ توي قىلمايمەن» دېدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر ﷺ: «ئاياللارنىڭ ماقۇللىقىنى ئالماي تۇرۇپ ئەرگە بەرمەڭلار» دېدى[1].[2]

## ئېرىگە ئاسىيلىق قىلغان ۋە ياخشىلىقىغا تانغان ئايالغا ئاخىرەتتە رەسۋالىق ۋە ئازابنىڭ بارلىقى ھەققىدە

عن ابن عباس قال: قال النبي ﷺ: «أُرِيتُ النارَ، فإذا أكثرُ أهلها النساء يَكْفُرْنَ»، قيل: أيكفُرنَ بالله؟ قال ﷺ: «يَكفُرْنَ العَشِيرَ، ويكفُرن الإحسانَ، لو أحسنتَ إلى إحداهنَّ الدهرَ ثم رأت منك شيئاً، قالت: ما رأيتُ منك خيراً قط».

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ: «ماڭا دوزاخ كۆرسىتىلدى، قارىسام دوزاخ ئەھلىنىڭ كۆپىنچىسى كۇفرىلىق قىلىدىغان ئاياللار ئىكەن» دېدى. ساھابىلەر: «ئۇلار الله قا كاپىر بولامدۇ؟» دەپ سورىۋىدى، پەيغەمبەر ﷺ: «ئېرىگە تۇزكورلۇق قىلىدۇ ۋە ياخشىلىقىنى ئىنكار قىلىدۇ.

---

[1] بۇ يەردىكى مەقسەت، ئەرنىڭ ھەققىنىڭ چوڭ ئىكەنلىكى ۋە پەزىلىتىنى بايان قىلىش، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ :« ئاياللارنىڭ ماقۇللىقىنى ئالماي تۇرۇپ، ئەرگە بەرمەڭلار» دېگەن سۆزى ئايالنىڭ ماقۇللىقى ۋە رازىلىقى نىكاھنىڭ دۇرۇس بولىشىدا شەرت ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرىدۇ.

[2] بەززار ۋە ئىبنى ھىببان رىۋايىتى، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

ئەگەر ئۇلاردىن بىرىگە ئۆمۈر بويى ياخشىلىق قىلساڭمۇ، ناۋادا سەندىن بىرەر يامانلىق كۆرسە: <مەن سەندىن ھېچ ياخشىلىق كۆرمىدىم> دەيدۇ» دېدى[①].[②]

وعن أسماء ابنة يزيد الأنصاريَّة قالت: مرَّ بي النبيُّ ﷺ وأنا في جَوارٍ أترابٍ لي، فسلَّم علينا، وقال ﷺ: «إياكنَّ وكفرَ المنعَّمين!»، فقلتُ: يا رسولَ الله وما كفرُ المنعَّمين؟ قال ﷺ: «لعلَّ إحداكنَّ تطولُ أيْمَتُها من أبويها، ثم يرزقها اللهُ زوجاً، ويرزقها منه ولَداً، فتغضبُ الغضبةَ فتَكْفر، فتقول: ما رأيتُ منكَ خيراً قطُّ».

ئەسما بىنتى يەزىد ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: مەن ماڭا تەڭتۇش چۆرىلەر بىلەن ئويناۋاتقان ئىدىم، يېنىمدىن پەيغەمبەر ﷺ ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ بىزگە سالام قىلىپ: «ياخشىلىق قىلغۇچىلارغا تۇزكورلۇق قىلىشتىن ساقلىنىڭلار» دېدى. مەن: «ئى الله نىڭ ئەلچىسى، ياخشىلىق قىلغۇچىلارغا تۇزكورلۇق قىلىش دېگەن نېمە؟» دەپ سورىۋېدىم، پەيغەمبەر ﷺ: «بىرىڭلار ئاتا-ئانىسىدىن ئايرىلىپ، ئاندىن تۇل ھالەتتە ئۇزۇن ھايات كەچۈرىدۇ. ئاندىن بىرىڭلارغا الله تائالا بىر ئەرنى، ئۇنىڭدىن بىر بالىنى رىزىق قىلىپ بېرىدۇ. بىرىڭلار قاتتىق ئاچچىقلىنىپ (ياخشىلىقتا) تۇزكورلۇق قىلىپ: <مەن سەندىن ھېچ ياخشىلىق كۆرمىدىم> دەيدۇ» دېدى.[③]

---

① بۇ ھەدىس — كۇفرىنىڭ ئىككى تۈرلۈك بولۇپ، بىرى، ئۇنى قىلغۇچىنى ئىسلامدىن چىقىرىۋېتىدىغانلىقىنى؛ يەنە بىرى، نېئمەت ۋە ياخشىلىققا تېنىش بولۇپ، بۇنى قىلغۇچىنى ئىسلامدىن چىقىرىۋەتمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

② بۇخارى رىۋايىتى.

③ بۇخارى رىۋايىتى.

وعن عبد الله بن عمرو قال: قال رسول الله ﷺ: «لا ينظرُ الله إلى امرأة لا تَشكُر لزوجِها، وهي لا تَستغني عنه».

ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئېرىنىڭ ياخشىلىقلىرىدىن بىھاجەت بولالمايدىغان تۇرۇپ، ئۇنىڭ ياخشىلىقلىرىغا شۈكرى قىلمىغان ئايالغا الله تائالا قارىمايدۇ».①

وعن أبي هريرة قال: قال رسول الله ﷺ: «إذا دعا الرجلُ امرأتَهُ إلى فراشه فأبت، فبات غَضبانَ عليها، لعنتها الملائكةُ حتى تُصبحَ».

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «قاچانىكى بىر ئەر ئۆز ئايالىنى بىللە بولۇشقا چاقىرسا، ئايالى ئۇنىمىسا، شۇنداقلا ئەر ئۇ ئايالغا غەزەپلەنگەن ھالەتتە يېتىپ قالسا، پەرىشتىلەر ئۇ ئايالغا ھەتتا تاڭ ئاتقۇچە لەنەت ئوقۇيدۇ».②

وعنه قال: قال رسولُ الله ﷺ: «والذي نفسي بيده، ما من رجل يدعو امرأتَهُ إلى فراشه فتأبى عليه، إلا كان الذي في السماءِ ساخِطاً عليها، حتى يرضى عنها».

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «جېنىم ئىلكىدە بولغان زات الله بىلەن قەسەمكى، ئەگەر ئەر ئايالىنى تۆشەككە چاقىرسا، ئۇ ئايال ئۇنىمىسا، تاكى ئۇ ئەر ئايالىدىن رازى بولغىچە ئاسماندا قارار ئالغان

---

① نەسائى ۋە ھاكىم رىۋايىتى، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.
② بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

زات ئۇ ئايالغا غەزەپ قىلىدۇ[1]».[2]

وعن طَلق بن علي قال: قال رسولُ الله ﷺ: «إذا دعا الرجلُ زوجتَهُ لحاجته فلتأتِه، وإن كانت على التنُّور».

تەلقى ئىبنى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئەگەر بىر ئەر ئۆزىنىڭ ئايالىنى ھاجىتى ئۈچۈن چاقىرسا، ئۇ ئايال تونۇر بېشىدا بولسىمۇ كەلسۇن».[3]

وعن ابن عمر قال: قال رسول الله ﷺ: «اثنان لا تجاوز صلاتُهُما رؤوسَهما: عبدٌ آبِقٌ من مواليه حتى يرجِعَ، وامرأةٌ عصَت زوجَها حتى ترجِعَ».

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئىككى كىشىنىڭ نامىزى باشلىرىدىن ئۆرلىمەيدۇ (يەنى قوبۇل قىلىنمايدۇ). بىرى، خوجايىنىدىن قاچقان قۇل بولۇپ، تاكى ئۇ خوجايىنىنىڭ قېشىغا قايتىپ بارمىغۇچە (نامىزى قوبۇل بولمايدۇ)؛ يەنە بىرى، ئېرىگە ئاسىيلىق قىلغان ئايال بولۇپ، ئۇمۇ ئېرىنىڭ يېنىغا قايتىپ بارمىغۇچە (نامىزى قوبۇل بولمايدۇ)».[4]

وعن فُضالة بن عُبيد قال: قال رسولُ الله ﷺ: «ثلاثةٌ لا تَسأل

---

[1] بۇ ھەدىستىكى «ئايال ئۇنىمىسا» دېگەنلىك، ئېتىبارغا ئېلىنىدىغان شەرئىي ئۆزرىسىز ئۇنىمىسا دېگەنلىك بولىدۇ. كېسەل، ھەيز، نىپاسقا ئوخشاش ئېتىبارغا ئېلىنغان ئۆزرە بولسا بۇنىڭدىن مۇستەسنا.

[2] مۇسلىم رىۋايىتى.

[3] تىرمىزى، نەسائى ۋە ئىبنى ھىببان رىۋايىتى، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[4] ھاكىم ۋە تەبرانى رىۋايىتى، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

عنهم: رجلٌ فارقَ الجماعةَ وعصى إمامَه، وماتَ عاصياً، وأَمَةٌ أو عبدٌ أبِقَ من سيِّدِهِ فماتَ، وامرأة غاب عنها زوجها وقد كفاها مؤنَة الدنيا فتبرَّجَت بعده، فلا تسأل عنهم».

فۇزالە ئىبنى ئۇبەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئۈچ كىشى ھەققىدە (قىيامەت كۈنى ئۇلارغا قانچىلىك ئازاب بولىدىغانلىقىنى) سورىما. بىرىنچىسى، جامائەتتىن ئايرىلىپ، ئىمامغا ئاسىي بولۇپ، شۇ ھالەتتە ئۆلۈپ كەتكەن كىشى؛ ئىككىنچىسى، خوجايىنىدىن قېچىپ كېتىپ، شۇ ھالەتتە ئۆلۈپ كەتكەن چۆرە ياكى قۇل؛ ئۈچىنچىسى، ئېرى يېتەرلىك دەرىجىدە دۇنيا چىقىمىنى قىلىپ بېرىپ ئۆيدىن سىرتقا چىقىپ كەتكەن ۋاقىتتا، جاھىلىيەت ئاياللىرىدەك ياسىنىۋالغان ئايال. ئۇلار ھەققىدە سورىما».[1]

وعن سعد قال: قال رسولُ الله ﷺ: «ثلاثةٌ من السَّعادةِ، وثلاثةٌ من الشَّقاءِ، فمن السعادةِ: المرأةُ الصالحةُ، تراها فتُعجِبُكَ، وتغيبُ عنها فتأمَنُها على نفسها ومالِك. ومن الشَّقاء: المرأةُ تراها فتسوؤكَ، وتحملُ لسانَها عليكَ، وإن غِبتَ عنها لم تأمَنها على نفسِها ومالِكَ».

سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئۈچ ئىش بەخت-سائادەت قاتارىدىن ۋە ئۈچ ئىش بەختسىزلىكنىڭ قاتارىدىن ھېسابلىنىدۇ. بەخت-سائادەتنىڭ قاتارىدىن بولغان ئۈچ ئىشنىڭ بىرىنچىسى، قارىساڭ سېنى خۇرسەن قىلىدىغان، سىرتقا چىقىپ كەتسەڭ ئۇنىڭ نەپسىدىن ۋە مېلىڭدىن سېنى خاتىرجەم قىلىدىغان سالىھ

[1] تەبرانى، ھاكىم ۋە ئىبنى ھىببان رىۋايىتى، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

ئايال...

بەختسىزلىكنىڭ قاتارىدىن سانىلىدىغان ئۈچ ئىشنىڭ بىرىنچىسى، قارىساڭ ئىچىڭنى پۇشۇرىدىغان، ساڭا تىل ئۇزىتىدىغان، سىرتقا چىقىپ كەتسەڭ ئۇنىڭ نەپسىدىن ۋە مېلىڭدىن خاتىرجەم بولالمايدىغان ئايال».①

وعن معاذ بن جبل قال: قال رسولُ الله ﷺ: «لا تؤذي امرأةٌ زوجَها في الدنيا، إلا قالت زوجتُه من الحور العين: لا تُؤذيه قاتلكِ اللهُ، فإنما هو عندك دخيلٌ، يُوشِكُ أن يُفارقَكِ إلينا».

مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئەگەر بىر ئايال بۇ دۇنيادا ئېرىگە ئازار بەرسە، ئۇ ئەرنىڭ (ئاخىرەتتىكى) ھۆر ئەينىلىرىدىن بولغان ئايالى ئۇ ئايالغا: <الله ساڭا لەنەت قىلسۇن! ئۇنىڭغا ئەزىيەت بەرمە، ئۇ سېنىڭ قېشىڭدا بىر مېھماندۇر. ئۇ سېنىڭدىن ئايرىلىپ بىزلەرنىڭ قېشىمىزغا كېلىدىغانغا ئازلا ۋاقىت قالدى> دەيدۇ».②

وعن أبي أُمامة قال: قال رسول الله ﷺ: «ثلاثةٌ لا تُجاوز صلاتُهم آذانَهم: العبدُ الآبِقُ حتى يرجِعَ، وامرأةٌ باتت وزوجُها عليها ساخِطٌ، وإمامُ قومٍ وهم له كارهون».

ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئۈچ كىشىنىڭ نامىزى ئۇلارنىڭ قۇلاقلىرىدىن ئاشمايدۇ (يەنى قوبۇل قىلىنمايدۇ): 1. قاچقان قۇل

① ھاكىم رىۋايىتى، ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.

② تىرمىزى ۋە ئەھمەد رىۋايىتى، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

قايتىپ كەلگۈچە؛ 2. ئېرى نارازى بولغان ھالەتتە كېچىنى ئۆتكۈزگەن ئايال؛ 3. كىشىلەر ئۇنىڭ ئىماملىقىنى ياقتۇرمىسىمۇ ئىمام بولغۇچى كىشى». [1]

وعن ثوبان قال: قال رسولُ الله ﷺ: «أيما امرأةٍ سألت زوجَها الطلاقَ من غير ما بأسٍ، فحرامٌ عليها رائحةُ الجنَّةِ».

سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «قايسى بىر ئايال سەۋەبسىزلا ئېرىدىن تالاقىنى سورىسا، ئۇنىڭغا جەننەتنىڭ پۇرىقى ھارام بولىدۇ (جەننەتنىڭ پۇرىقىنى پۇريىيالمايدۇ)». [2]

وعن عائشة قالت: سمعت رسول الله ﷺ يقول: «أيُّما امرأةٍ وضعت ثيابَها في غير بيتِ زوجها، فقد هتكت سِترَ ما بينها وبين الله».

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «قايسى بىر ئايال كىيىمىنى ئېرىنىڭ ئۆيىدىن باشقا بىر ئۆيدە سالسا[3]، ھەقىقەتەن ئۇ ئۆزى بىلەن الله ئوتتۇرىسىدىكى پەردىنى يىرتىپ تاشلىغان بولىدۇ». [4]

---

[1] تىرمىزى رىۋايىتى، ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.

[2] ئەھمەد، تىرمىزى ۋە ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[3] بۇ يەردە ئېيتىلغان «كىيىم سېلىش» — ئايالنىڭ مەيلى ئەرگە ياكى ئايالغا ئېچىشى دۇرۇس بولمايدىغان ئەۋرەتلىرىنىڭ ئېچىلىشى ھېسابلىنىدىغان كىيىم سېلىشنىڭ ھەممىسىنى بىلدۈرىدۇ. شۇنىڭدەك، ئومۇملىشىپ كەتكەن بىر ئىش بولسا، ئايال كىشىنىڭ سىېتىۋېلىشنى ئويلاشقان كىيىمنى ئۆلچەپ بېقىش مەقسىتىدە مەخسۇس ئايالالرنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرىنى ساتىدىغان دۇكانلاردا كىيىمنى سېلىشى. بۇ دۇكانلار كۆپىنەكىنىڭ تۈگمىسىدىنمۇ كىچىك كامىرالار بىلەن توشۇپ كەتكەن بولۇپ، دۇكاندىكى ھەربىر ھەرىكەتنى سۈرەتكە ئالىدۇ. ئوغرىدىن ساقلاش، خېرىدارلارنى كۆزىتىش باھانىسى بىلەن ئۇلارنىڭ ئارقىسىدا ئولتۇرۇۋاتقان ئەرلەر بۇ ئايالالرغا قاراپ تۇرىدۇ. شۇڭلاشقا ئايالالر ئۆزلىرىگە ئاگاھ بولۇشى، باشقىلارنىڭ: «بۇ ئايالالرنىڭ مەخسۇس كىيىم ئالماشتۇرۇش ئۆيى» دېگەن سۆزلىرىگە ئالدانماسلىقى لازىم.

[4] ئەھمەد، ئىبنى ماجە ۋە ھاكىم رىۋايىتى، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

وعن أبي هريرة قال: قال رسولُ الله ﷺ: «ليس مِنَّا من خبَّبَ امرأةً على زوجِها، أو عبداً على سيده».

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئايالنى ئېرىگە، قۇلنى خوجايىنىغا ئاسىيلىق قىلىشقا قىزىقتۇرغان كىشى بىزدىن ئەمەس».[1]

وعن جابر بن عبد الله، عن النبيِّ ﷺ: «إن إبليس يضع عرشَهُ على الماء - وفي رواية: البحر. ثم يبعث سراياه، فأدناهم منه منزلةً أعظمهم فتنةً، يجيءُ أحدُهم، فيقول: فعلتُ كذا وكذا، فيقول: ما صنعتَ شيئاً، ثم يجيء أحدُهم فيقول: ما تركتُه حتى فرَّقتُ بينه وبين امرأته، فيُدنيه منه، ويقول: نِعمَ أنتَ!». قال الأعمش: أراه قال: «فيلتزِمُه».

جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ھەقىقەتەن ئىبلىس تەختىنى سۇنىڭ ئۈستىگە (يەنە بىر رىۋايەتتە، دېڭىزغا) ئورۇنلاشتۇرىدۇ، ئاندىن كېيىن قوشۇنلىرىنى ئەۋەتىدۇ. ئەڭ چوڭ پىتنىگە تاشلىغىنى ئورۇن جەھەتتە ئىبلىسقا ئەڭ يېقىن بولىدۇ. ئۇلاردىن بىرى كېلىپ: ‹مەن مۇنداق - مۇنداق قىلىۋەتتىم› دېسە، ئىبلىس: ‹سەن ھېچقانچە ئىش قىلماپسەن› دەيدۇ. ئاندىن يەنە بىرى كېلىپ: ‹مەن پالانىدىن ئايرىلماي ھەتتا ئۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئايالىنى ئاجراشتۇرىۋەتتىم› دەيدۇ. ئىبلىس ئۇنىڭغا ئۆز يېنىدىن ئورۇن بېرىپ: ‹سەن نەقەدەر ياخشى› دەيدۇ».

ئەئمەش: «پەيغەمبەر ﷺ: ‹ئىبلىس ئۇ بىرىنى قۇچاقلايدۇ›

---

[1] ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

دېگەنمىكىن دەپ ئويلايمەن» دېگەن.[1]

## ئايالنىڭ ئۆز مېلىنى ئېرىنىڭ رۇخسىتى بىلەن چىقىم قىلىشى — ئەرنىڭ ئايال ئۈستىدىكى ھەقلىرى قاتارىدىن

وعن عبد الله بن عمرو قال: قال رسولُ الله ﷺ: «لا يجوزُ لامرأةٍ عطيَّةٌ إلا بإذنِ زوجِها».

ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئايال كىشىنىڭ ئېرىنىڭ رۇخسىتىسىز ئاتا-ئېھسان قىلىشى دۇرۇس بولمايدۇ».[2]

وعنه قال: قال رسولُ الله ﷺ: «لا يجوزُ لامرأةٍ هِبةٌ في مالها، إذا ملَك زوجُها عصمَتَها». أي إلا بإذنه.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئايال كىشى ئەرنىڭ نىكاھىدا بولسىلا، (ئېرىنىڭ رۇخسىتىسىز) ئۆز مېلىدىن بىرەر نەرسىنى سوۋغا قىلىشى دۇرۇس ئەمەس».[3]

وعن واثلَة قال: قال رسولُ الله ﷺ: «ليس للمرأة أن تنتهكَ شيئاً من مالها إلا بإذنِ زوجها».

ۋاسىلە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئايال كىشىنىڭ ئېرىنىڭ رۇخسىتىسىز ئۆز

[1] مۇسلىم رىۋايىتى.

[2] ئەبۇ داۋۇد ۋە نەسائى رىۋايىتى، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[3] ئەھمەد، نەسائى ۋە ئىبنى ماجە رىۋايىتى، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

مېلىدىن بىرەر نەرسىنى بۇزۇپ-چېچىشى دۇرۇس ئەمەس».[1]

وعن أسماء، أن امرأةً قالت: يا رسول الله إن لي ضُرَّةً، فهل عليَّ جُنَاحٌ إن تشبَّعت من زوجي غير الذي يعطيني؟ فقال ﷺ: «المتشبِّع بما لم يُعطَ كلابس ثوبي زُور».

ئەسما رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىر ئايال: «ئى الله نىڭ ئەلچىسى! مېنىڭ بىر كۈندىشىم بار، (ئېرىمنىڭ يەنە بىر ئايالى) ئالدىدا ئېرىم ماڭا بەرمىگەن نەرسە بىلەن ئۆزۈمنى خۇشال كۆرسەتسەم ماڭا گۇناھ بولامدۇ؟» دەپ سورىۋىدى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېدى: «بېرىلمىگەن نەرسە بىلەن ئۆزىنى خۇشال كۆرسەتكەن كىشى يالغانچىلىقنىڭ ئىككى توننى كىيگۈچىگە ئوخشايدۇ».[2]

## نەپلە ناماز ئوقۇش ۋە ئەرنىڭ ئۆيىگە بىرەر كىشىنى كىرگۈزۈشنىڭ ئەرنىڭ ئىزنى ۋە رازىلىقى بىلەن بولۇشى — ئەرنىڭ ئايال ئۈستىدىكى ھەققىنىڭ قاتارىدىن

عن أبي سعيد قال: جاءت امراةٌ إلى رسول الله ﷺ ونحن عنده، فقالت: زوجي صفوانُ بن المعطَّل يضربني إذا صليت، ويفطِّرُني إذا صُمتُ، ولا يصلي الفجرَ حتى تطلعَ الشمسُ. قال: وصفوان عنده. قال: فسأله عما قالت؟ فقال: يا رسولَ الله! أما قولها: يضربني إذا صليت، فإنها تقرأ بسورتين وقد نهيتها، قال: فقال له رسولُ الله ﷺ:

---

[1] تەبرانى رىۋايىتى، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

«لو كانت سورة واحدة لكفَت الناس». قال: وأما قولها: يُفطِّرُني إذا صمت، فإنها تنطلقُ تصومُ وأنا رجلٌ شاب فلا أصبر، فقال رسولُ الله ﷺ: «لا تَصومُ المرأة إلا بإذنِ زوجها». وأما قولها: إني لا أصلي حتى تطلعَ الشمسُ، فإنَّا أهلُ بيت عُرف لنا ذاك، لا نكاد نستيقظ حتى تطلع الشمس، قال: «فإذا استيقظتَ يا صفوان فصلِّ».

ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىز پەيغەمبەر ﷺ نىڭ يېنىدا ئىدۇق. بىر ئايال رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ يېنىغا كېلىپ: «ئېرىم سەفۋان ئىبنى مۇئەتتەل ناماز ئوقۇسام مېنى ئۇرىدۇ، روزا تۇتسام روزامنى بۇزدۇرۇۋېتىدۇ، بامداتنى كۈن چىققاندا ئوقۇيدۇ» دېدى. سەفۋانمۇ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ يېنىدا ئىدى، پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭدىن ئايالىنىڭ ئېيتقانلىرىنى سورىدى. ئۇ: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇنىڭ <ناماز ئوقۇۋاتسام ئۇرىدۇ> دېگىنىگە كەلسەك، مەن ئۇنى توسساممۇ، ئۇ نامازنىڭ (بىر رەكئەتتە ئۇزۇن) ئىككى سۈرە ئوقۇۋالىدۇ» دېدى. پەيغەمبەر ﷺ: «(بىر رەكئەتتە) بىر سۈرە ئوقۇسا كۇپايە قىلىدۇ» دېدى. سەفۋان سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ: «ئۇنىڭ <روزا تۇتسام روزامنى بۇزدۇرۇۋېتىدۇ> دېگەن سۆزىگە كەلسەك، ئۇ دائىم (نەپلە) روزا تۇتۇۋالىدۇ، مەن تېخى ياش يىگىت بولغاچقا سەۋر قىلالمايدىكەنمەن» دېدى. پەيغەمبەر ﷺ: «ھەرقانداق ئايال ئېرىنىڭ رۇخسىتىسىز (نەپلە) روزا تۇتمىسۇن» دېدى. سەفۋان سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ: «ئۇنىڭ مېنى <بامدات نامىزىنى كۈن چىققاندا ئوقۇيدۇ> دېگەن سۆزىگە كەلسەك، (كېچىسى ئىشلەپ كەچ يېتىش بىزنىڭ) ئائىلىمىزگە ئادەت بولۇپ قالغان شۇڭا ئەتىگىنى كۈن چىققۇچە ئويغىنالمايدىكەنمىز» دېدى. پەيغەمبەر ﷺ:

«ئۆنداقتا نامىزىڭنى ئويغانغان ھامان ئوقۇغىن» دېدى.[1]

وعن أبي هريرة قال: قال رسولُ الله ﷺ: «لا تصُمْ المرأةُ وبعلُها شاهِدٌ إلا بإذنه غير رمضان، ولا تأذن في بيته وهو شاهدٌ إلا بإذنه».

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئېرى يېنىدا بولغان ئايال كىشى رامىزاندىن باشقا ۋاقىتتا ئېرىنىڭ رۇخسىتىسىز روزا تۇتمىسۇن ھەمدە ئېرىنىڭ رۇخسىتىسىز باشقىلارنى ئۆيگە كىرىشكە رۇخسەت بەرمىسۇن».[2]

وعن علي بن أبي طالب قال: «نهى ﷺ عن أن تُكلَّمَ النساءُ، يعني في بيوتهنّ إلا بإذنِ أزواجهنَّ».

ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ﷺ ئاياللارنىڭ ئۆيدە ئۆز ئەرلىرىنىڭ رۇخسىتىسىز (باشقىلارغا) گەپ قىلىشتىن توسقان».

ئارقا مەقئەتكە كېلىشتىن ھەمدە ھەيز ۋە نىپاس ۋاقتىدا يېقىنچىلىق قىلىشتىن ساقلىنىش شەرتى بىلەن خالىغان ئورۇندا ئايالى بىلەن يېقىنچىلىق قىلىش — ئەرنىڭ ئايال ئۈستىدىكى ھەقلىرى قاتارىدىن. شۇنىڭدەك، ئايالمۇ ھەم شۇنداق ۋاقىتلاردا (يەنى ئارقا مەقئەتكە كېلىش، ھەيز ۋە نىپاس ۋاقىتلىرى) ئېرىگە بويسۇنۇشى ۋە ئىتائەت قىلىشى دۇرۇس ئەمەس چۈنكى خالىقتا ئاسىي بولىدىغان ئىشتا مەخلۇققا ئىتائەت قىلىش يوق.

---

[1] ئەبۇ داۋۇد، ئەھمەد ۋە ئىبنى ماجە رىۋايىتى، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَيَسْأَلُونَكَ عَنِ الْمَحِيضِ قُلْ هُوَ أَذًى فَاعْتَزِلُوا النِّسَاءَ فِي الْمَحِيضِ وَلَا تَقْرَبُوهُنَّ حَتَّى يَطْهُرْنَ فَإِذَا تَطَهَّرْنَ فَأْتُوهُنَّ مِنْ حَيْثُ أَمَرَكُمُ اللَّهُ إِنَّ اللَّهَ يُحِبُّ التَّوَّابِينَ وَيُحِبُّ الْمُتَطَهِّرِينَ﴾ «(ئى مۇھەممەد!) ئۇلار سەندىن ھەيز توغرۇلۇق (يەنى ھەيزدار ئايال بىلەن جىنسىي ئالاقە قىلىشنىڭ دۇرۇسلۇقى ياكى دۇرۇس ئەمەسلىكى توغرۇلۇق) سورايدۇ، ئېيتقىنكى: <ھەيز زىيانلىقتۇر (يەنى ھەيز مەزگىلىدە جىنسىي ئالاقە قىلىش ئەر-خوتۇن ھەر ئىككىسىگە زىيانلىقتۇر)، ھەيز مەزگىلىدە ئاياللىرىڭلاردىن نېرى تۇرۇڭلار، (ھەيزدىن) پاك بولغۇچە ئۇلارغا يېقىنچىلىق قىلماڭلار، پاك بولغاندا ئۇلارغا الله بۇيرۇغان جايدىن يېقىنچىلىق قىلىڭلار>. الله ھەقىقەتەن تەۋبە قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ، (ھارامدىن ۋە نىجاسەتتىن) پاك بولغۇچىلارنى ھەقىقەتەن دوست تۇتىدۇ».[1]

وعن ابن عباس قال: كان هذا الحي من الأنصار وهم أهل وثَنٍ مع هذا الحي من يهود وهم أهل كتاب، وكانوا يرون لهم فضلاً عليهم في العلم، فكانوا يقتدون بكثيرٍ من فعلهم، وكان من أمر أهل الكتاب: أن لا يأتوا النساءَ إلا على حَرْفٍ، وذلك أسترُ ما تكون للمرأة، فكان هذا الحي من الأنصار قد أخذوا بذلك من فعلهم، وكان هذا الحي من قريش يشرحون النساءَ شرحاً منكراً، ويتلذذون منهنَّ مقبلات، ومدبرات، ومستلقيات، فلما قدم المهاجرون المدينة، تزوج رجلٌ منهم

[1] سۈرە بەقەرە 222ـ ئايەت.

امرأةً من الأنصار، فذهب يصنع بها ذلك، فأنكرته عليه، وقالت: إنما كنا نُؤتَى على حَرفٍ، فاصنع ذلك وإلا اجتنبني، حتى شَرِي أمرهما، فبلغ ذلك رسولَ الله ﷺ فأنزل الله: ﴿نِسَاؤُكُمْ حَرْثٌ لَكُمْ فَأْتُوا حَرْثَكُمْ أَنَّى شِئْتُمْ﴾. أي: مُقبلات، ومُدبرات، ومُستلقيات.

ئىبنى ئاbbاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «بۇ يەردىكى ئەنسارىلار ئەسلىدە بۇتپەرەس بولۇپ، ئەھلى كىتاب يەھۇدىيلار بىلەن بىللە ياشايتتى. ئۇلار ئىلىم-مەرىپەتتە يەھۇدىيلارنى ئۆزلىرىدىن ئۈستۈن دەپ قارىغاچقا، كۆپىنچە ئىشلىرىدا ئۇلارنى دورايتتى. ئەھلى كىتابلاردا ئاياللارغا پەقەتلا يانچە يېتىپ يېقىن كېلىش ئادىتى بار بولۇپ، بۇنداق بولغاندا ئايال كىشى ئېچىلىپ قالمايدۇ دەپ قارايتتى. بۇ يەردىكى ئەنسارىلارمۇ بۇ ئادەتنى ئاشۇ يەھۇدىيلاردىن سىڭدۈرۈۋالغان ئىدى.

قۇرەيشلەر بولسا ئاياللىرىغا ئالدى تەرەپتىن، ئارقا تەرەپتىن ۋە ياكى ئوڭدىسىغا ياتقان ھالەتتە يېقىنچىلىق قىلاتتى. مۇھاجىرلار مەدىنىگە كەلگەندە، ئۇلاردىن بىرى ئەنسارىلاردىن بىر ئايالغا ئۆيلىنىپ، بۇ ئايالغا ئۆز يۇرتىنىڭ ئادىتى بويىچە يېقىنلاشماقچى بولغان ئىدى، ئايال بۇنى ئەيىبلەپ: <بىز يانچە يېتىپ يېقىنچىلىق قىلاتتۇق، سەنمۇ شۇنداق قىل، بولمىسا ماڭا يېقىن كەلمە!> دېدى. ئاخىرى ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىدىكى ئىش يېيىلىپ ھەتتا پەيغەمبەر ﷺ گىچە يېتىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن، الله تائالا بۇ ئايەتنى نازىل قىلدى: <ئاياللىرىڭلار سىلەر ئۈچۈن (خۇددى) ئېكىنزارلىقتۇر (يەنى نەسىل تېرىيدىغان جايدۇر)،

ئېكىنزارلىقىڭلارغا خالىغان رەۋىشتە كېلىڭلار>[1] ».[2] يەنى «ئاياللىرىڭلارغا مەيلى ئالدى تەرەپتىن ياكى ئارقا تەرەپتىن ۋە ياكى ئوڭدىسىغا ياتقان ھالەتتە يېقىنچىلىق قىلساڭلار بولۇۋېرىدۇ» دېمەكچى.

وعن جابر قال: كانت اليهود تقول: إذا أتى الرجلُ امرأته مِن دُبرها في قُبُلِها كان الولد أحول! فنزلت: ﴿نِسَاؤُكُمْ حَرْثٌ لَكُمْ فَأْتُوا حَرْثَكُمْ أَنَّى شِئْتُمْ﴾. فقال رسولُ الله ﷺ: «مقبلةٌ، ومدبرةٌ، إذا كان ذلك في الفَرْجِ».

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: يەھۇدىيلار: «ئاياللارغا كەينى تەرەپتىن يېقىنچىلىق قىلسا بالا ئالغاي بولۇپ قالىدۇ» دېيىشەتتى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئايەت نازىل بولغان: «ئاياللىرىڭلار سىلەر ئۈچۈن (خۇددى) ئېكىنزارلىقتۇر (يەنى نەسىل تېرىيدىغان جايدۇر)، ئېكىنزارلىقىڭلارغا خالىغان رەۋىشتە كېلىڭلار»[3] . پەيغەمبەر ﷺ: «مەيلى ئالدى تەرەپتىن ياكى ئارقا تەرەپتىن بولسۇن، بالا تۆرىلىدىغان جايغا يېقىنچىلىق قىلساڭلار بولىدۇ» دېدى.[4]

وعن ابن عباس قال: جاء عمر بن الخطاب إلى رسولِ الله ﷺ فقال: يا رسولَ الله! هلكتُ. قال: «وما الذي أهلكَك؟» قال: حوَّلتُ رحلي الليلة، فلم يرد عليه شيئاً، فأوحي إلى رسول الله ﷺ، هذه الآية: ﴿نِسَاؤُكُمْ حَرْثٌ لَكُمْ فَأْتُوا حَرْثَكُمْ أَنَّى شِئْتُمْ﴾، يقول: «أقبل وأدبر،

---

[1] سۇرە بەقەرە 223- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى، ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.
[3] سۇرە بەقەرە 223- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[4] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

واتقِ الدُّبرَ والحيضَةَ».

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ يېنىغا كېلىپ: «ئى رەسۇلۇللاھ! مەن ھالاك بولدۇم» دېدى. پەيغەمبەر ﷺ: «نېمە ئىش بولدى؟» دەپ سورىۋېدى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «بۇ كېچە ئۇلىغىمغا تەتۈر مىنىپ سالدىم» دېدى. پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭغا بىرەر نەرسە دېمىدى. ئاندىن پەيغەمبەر ﷺ گە بۇ ئايەت نازىل بولدى: «ئاياللىرىڭلار سىلەر ئۈچۈن (خۇددى) ئېكىنزارلىقتۇر (يەنى نەسىل تېرىيدىغان جايدۇر)، ئېكىنزارلىقىڭلارغا خالىغان رەۋىشتە كېلىڭلار».[1] شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ﷺ: «بەلگىلەنگەن جايغا ئالدى تەرەپتىن ياكى ئارقا تەرەپتىن كەلسەڭ بولىدۇ ئەمما ئارقا مەقئەتكە كېلىشتىن ۋە ھەيزدار ھالەتتە يېقىنچىلىق قىلىشتىن ساقلانغىن» دېدى.[2]

وعن خزيمة بن ثابت: أن النبي ﷺ قال: «إن اللهَ لا يستحي من الحق، لا تأتوا النساءَ في أدبارِهِنَّ».

خۇزەيمە ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «الله تائالا ھەقنى بايان قىلىشتىن ھايا قىلمايدۇ، ئاياللارنىڭ ئارقا مەقئەتلىرىگە كەلمەڭلار».[3]

وعن أبي هريرة قال: قال رسول الله ﷺ: «ملعون من أتى امرأةً في دُبُرِها».

---

[1] سۈرە بەقەرە 223 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] نەسائى ۋە تىرمىزى رىۋايىتى، ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.

[3] ئەھمەد ۋە تىرمىزى رىۋايىتى، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئايالىنىڭ ئارقا مەقئىتىگە كەلگەن كىشى لەنەت قىلىنغان كىشىدۇر».[①]

وعنه قال: قال رسول الله ﷺ: «من أتى حائضاً، أو امرأةً في دُبرها، أو كاهناً فصدَّقه بما يقول، فقد كفَرَ بما أُنزِل على محمدٍ».

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىمكى ھەيزدار ئايال بىلەن جىما قىلسا ياكى ئايالىنىڭ ئارقا مەقئىتىگە كەلسە ۋە ياكى كاھىنىنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۇنىڭ سۆزىنى تەستىقلىسا، مۇھەممەدكە چۈشۈرۈلگەن دىنىنى ئىنكار قىلغان بولىدۇ».[②]

وفي رواية: «فقد برئ مما أُنزل على محمدٍ».

يەنە بىر رىۋايەتتە: «مۇھەممەدكە چۈشۈرۈلگەن دىندىن ئادا ـ جۇدا بولغان بولىدۇ» دېيىلگەن.

وعنه، عن النبي ﷺ قال: «لا ينظرُ اللهُ إلى رجلٍ جامع امرأتَهُ في دُبُرِها».

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئايالىنىڭ ئارقا مەقئىتىگە جىما قىلغان كىشىگە الله تائالا قارىمايدۇ».[③]

وعن عُقبة بن عامر قال: قال رسولُ الله ﷺ: «لعنَ اللهُ الذين يأتونَ النساء في محاشِّهِن- أي أدبارهنَّ».

---

[①] ئەھمەد ۋە ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[②] ئەھمەد، تىرمىزى ۋە ئىبنى ماجە رىۋايىتى، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[③] ئەھمەد ۋە ئىبنى ماجە رىۋايىتى، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

ئۇقبە ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئاياللارنىڭ ئارقا مەقئەتىگە كەلگەن كىشىلەرگە الله لەنەت قىلسۇن».①

وعن خُزيمة بن ثابت، عن النبي ﷺ قال: «إتيان النساء في أدبارهِنَّ حرامٌ».

خۇزەيمە ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئاياللارنىڭ ئارقا مەقئەتىگە كېلىش هارام».②

وعن طاوس قال: سُئِل ابن عباس عن الذي يأتي امرأته في دُبرها؟ فقال: هذا يسألُني عن الكُفر.

تاۋۇس رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن <ئايالىنىڭ ئارقا مەقئەتىگە كېلىش> توغرىسىدا سورالغاندا، ئۇ: <بۇ كىشى مەندىن كۇفرىلىق توغرىسىدا سوئال سوراۋاتىدۇ>③ دېگەن ئىدى».④

## هەيزدار ئايال بىلەن جىما قىلغان كىشىنىڭ كەففارىتى هەققىدە

① تەبرانى رىۋايىتى، ئەلبانى «سەهىه» دېگەن.

② نەسائى رىۋايىتى، ئەلبانى «سەهىه» دېگەن.

③ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ: «مەندىن كۇفرىلىق توغرىسىدا سوئال سوراۋاتىدۇ» دېگەن سۆزىدىن ئۇنى قىلغۇچىنى ئىسلامدىن چىقىرىۋېتىدىغان چوڭ كۇفرىلىق مەقسەت قىلىنمايدۇ. بۇ يەردە ئېيتىلغان كۇفرىلىق پەقەتلا نېئمەتكە تېنىشنى كۆرسىتىدۇ چۈنكى ئۇ كىشى پاك ۋە ياخشىنى پاسكىنا ۋە نىجىسقا ئالماشتۇردى، شۇنداقلا پاك ۋە ياخشى نېئمەتتىن باش تارتىپ، نېئمەتكە تۇزكورلۇق قىلدى، الله ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر.

④ نەسائى رىۋايىتى، ئەلبانى «سەهىه» دېگەن.

عن ابن عباس، عن النبي ﷺ، في الذي يأتي امرأته وهي حائض، قال: «يتصدق بدينار أو نصف دينار». من الذهب.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئايالى ھەيزدار ھالەتتە جىما قىلغان كىشى بىر دىنار ياكى يېرىم دىنار ئالتۇن سەدىقە قىلسۇن».[1]

## ھەيزدار ئايال بىلەن جىما قىلماستىن مەنپەئەتلەنسە گۇناھ بولمايدۇ

عن أنس بن مالك، أن اليهود كانت إذا حاضت منهم المرأة أخرجوها من البيت ولم يؤاكلوها ولم يشاربوها ولم يجامعوها في البيت، فسُئل رسولُ الله ﷺ عن ذلك، فأنزلَ الله سبحانه ﴿وَيَسْأَلُونَكَ عَنِ الْمَحِيضِ قُلْ هُوَ أَذىً فَاعْتَزِلُوا النِّسَاءَ فِي الْمَحِيضِ﴾ إلى آخر الآية، فقال رسولُ الله ﷺ: «جامعوهنَّ في البيوتِ، واصنعوا كل شيءٍ غير النِّكاح»، فقالت اليهود ما يريد هذا الرجل أن يدعَ شيئاً من أمرِنا إلا خالفنا فيه.

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: يەھۇدىيلار ئاياللىرىنى ھەيزدار ۋاقىتلىرىدا ئۆيدىن چىقىرىۋېتەتتى، ئۇلار بىلەن بىر (داستىخاندا) يەپ-ئىچمەيتتى، بىللە ئولتۇرۇپ-قوپمايتتى. پەيغەمبەر ﷺ دىن بۇ ھەقتە سورالغاندا، الله تائالا بۇ ئايەتنى نازىل قىلدى: «(ئى مۇھەممەد!) ئۇلار سەندىن ھەيز توغرۇلۇق (يەنى ھەيزدار ئايال بىلەن جىنسىي

[1] ئەبۇ داۋۇد، ئەھمەد ۋە نەسائى رىۋايىتى، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

ئالاقە قىلىشنىڭ دۇرۇسلۇقى ياكى دۇرۇس ئەمەسلىكى توغرۇلۇق) سورايدۇ. ئېيتقىنكى: <هەيز زىيانلىقتۇر (يەنى هەيز مەزگىلىدە جىنسىي ئالاقە قىلىش ئەر-خوتۇن هەر ئىككىسىگە زىيانلىقتۇر)، هەيز مەزگىلىدە ئاياللىڭلاردىن نېرى تۇرۇڭلار، (هەيزدىن) پاك بولغۇچە ئۇلارغا يېقىنچىلىق قىلماڭلار. پاك بولغاندا ئۇلارغا الله بۇيرۇغان جايدىن يېقىنچىلىق قىلىڭلار>. الله ھەقىقەتەن تەۋبە قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ. (هارامدىن ۋە نىجاسەتتىن) پاك بولغۇچىلارنى ھەقىقەتەن دوست تۇتىدۇ».[1] ئاندىن كېيىن پەيغەمبەر ﷺ: «ئۆيدە تەڭ ئولتۇرۇپ-قوپۇڭلار، جىمادىن باشقا ھەرقانداق ئىشنى قىلساڭلار بولىدۇ» دېدى. يەھۇدىيلار: «ئۇ كىشى بىزنىڭ دىنىمىزدىكى ئىشلارنىڭ ھەممىسىنىڭ قارشىسىنىلا قىلىشنى ئىرادە قىلىدۇ» دېيىشتى.[2]

وعن عائشة رضي الله عنها قالت: كان رسول الله ﷺ يأمر إحدانا إذا كانت حائضاً أن تتَّزِرَ، ثم يُضاجِعها.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: «بىرىمىز ھەيز كۆرۈپ قالسا، رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنى ئىشتان كىيىشكە بۇيرۇپ، ئاندىن ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ياتاتتى».[3]

وعنها رضي الله عنها قالت: كانت إحدانا إذا كانت حائِضاً، فأرادَ رسولُ الله ﷺ أن يباشرها، أمرها أن تتَّزِرَ في فورِ حيضتها، ثم يُباشرها. قالت: وأيكم يملكُ إربَه، كما كان النبي ﷺ يملك إِرْبَه.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: «رەسۇلۇللاھ ﷺ

[1] سۈرە بەقەرە 222- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[3] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

ئايالىلىرىدىن ھەيز كۆرۈپ قالغان بىرەرىمىز بىلەن قۇچاقلاشماقچى بولسا، ھەيز كېلىپ تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ ئۇنى ئىشتىنىنى كىيىۋېلىشقا بۇيرۇپ ئاندىن قۇچاقلىشاتتى». ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنها: «كىم رەسۇلۇللاھ ﷺ دەك ئۆزىنى تۇتۇۋالالايدۇ؟» دېدى.[1]

وعن ميمونة، أن رسولَ الله ﷺ: كان يُباشر المرأةَ من نسائه، وهي حائض، إذا كان عليها إزارٌ إلى أنصاف الفخذين، أو الركبتين، تحتجز به.

مەيمۇنە رەزىيەللاھۇ ئەنها مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئايالى ھەيزدار بولۇپ قالسا، ئىشتىنى يوتىسىنىڭ يېرىمى ياكى تىزىنىڭ يېرىمىغا كەلگۈدەك توسۇپ تۇرىدىغان بولسا بىرگە قۇچاقلاپ (ياتاتتى)».[2]

ئىتائەت قىلىش پەقەت ياخشى ئىشتا بولىدۇ، چۈنكى مەخلۇقنىڭ پەزىلىتى قانچە كاتتا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر خالىقىقا ئاسىي بولىدىغان ئىشتا مەخلۇققا ئىتائەت قىلىش يوق.

ئايالىلار بىلىشى لازىمكى، ئايالىنىڭ ئېرىگە ئىتائەت قىلىشى مۇتلەق ئەمەس بەلكى ياخشىلىقتا اللە قا ئىتائەت قىلىشقا باغلانغان بولىدۇ. ئەر ئايالىنى اللە قا ئاسىي بولىدىغان ئىشقا بۇيرۇسا، مەسىلەن، نامازنى تەرك ئېتىش، ھىجابنى سېلىش، يات ئەرلەر بىلەن ئارىلىشىش...قا ئوخشاش ھارام ئىشلارغا بۇيرۇسا، بۇنداق ئىشلاردا ئايالىنىڭ ئېرىگە ئىتائەت قىلىشى ۋە ئەگىشىشى دۇرۇس ئەمەس، ئىتائەت پەقەت ياخشى ئىشتا بولىدۇ، يامان ئىشتا

---

[1] بۇخارى رىۋايىتى.

[2] ئەبۇ داۋۇد ۋە نەسائى رىۋايىتى، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

بولمايدۇ. بۇ ھەقتە الله  تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَوَصَّيْنَا الْإِنْسَانَ بِوَالِدَيْهِ حُسْنًا وَإِنْ جَاهَدَاكَ لِتُشْرِكَ بِي مَا لَيْسَ لَكَ بِهِ عِلْمٌ فَلَا تُطِعْهُمَا﴾ «ئىنساننى ئاتا ـ ئانىسىغا ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرۇدۇق، ئەگەر ئاتا ـ ئاناڭ سېنى سەن بىلمەيدىغان نەرسىنى ماڭا شېرىك كەلتۈرۈشكە زورلىسا ئۇلارغا ئىتائەت قىلمىغىن».[1]

الله  تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَإِنْ جَاهَدَاكَ عَلَى أَنْ تُشْرِكَ بِي مَا لَيْسَ لَكَ بِهِ عِلْمٌ فَلَا تُطِعْهُمَا وَصَاحِبْهُمَا فِي الدُّنْيَا مَعْرُوفًا﴾ «ئەگەر ئاتا ـ ئاناڭ سېنى سەن بىلمەيدىغان نەرسىنى ماڭا شېرىك كەلتۈرۈشكە زورلىسا ئۇلارغا ئىتائەت قىلمىغىن، ئۇلارغا دۇنيادا ياخشى مۇئامىلىدە بولغىن (يەنى دىنىڭغا زىيان يەتمەيدىغان ئاساستا ياخشىلىق قىلغىن)».[2]

گەرچە ئاتا ـ ئانىلارنىڭ (بالىلار ئۈستىدىكى ھەققى چوڭ بولسىمۇ)، ئاتا ـ ئانىلار بالىلارنى الله قا شېرىك كەلتۈرۈشكە زورلىسا، الله  تائالا ئۇلارنى ئاتا ـ ئانىغا ئىتائەت قىلماسلىققا بۇيرۇدى. شۇڭا ئەر ئايالىنى الله قا شېرىك كەلتۈرۈشكە ياكى الله قا ئاسىي بولىدىغان ئىشقا بۇيرۇسا، ئايالنىڭ ئەرگە ئىتائەت قىلماسلىقى تېخىمۇ لازىمدۇر. مەخلۇقنىڭ كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، خالىقنىڭ ھەققى ۋە خالىققا ئىتائەت قىلىش بولسا مەخلۇقنىڭ ھەققىدىن چوڭدۇر.

عن علي بن أبي طالب قال: قال رسولُ الله ﷺ: «لا طاعةَ في معصية الله، إنما الطاعةُ في المعروف».

[1] سۈرە ئەنكەبۇت 8 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە لوقمان 15 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «الله قا ئاسىي بولىدىغان ئىشتا (مەخلۇققا) ئىتائەت قىلىش يوق، ئىتائەت پەقەت ياخشى ئىشتا بولىدۇ». ①

وعن النوَّاس بن سمعان قال: قال رسول الله ﷺ: «لا طاعة لمخلوقٍ في معصيةِ الخالق».

نەۋۋاس ئىبنى سەمئان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «خالىققا ئاسىي بولىدىغان ئىشتا مەخلۇققا ئىتائەت قىلىش يوق». ②

## ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن ئايالنىڭ ئېرىگە تۆت ئاي ئون كۈن قارلىق تۇتۇشى — ئەرنىڭ ئايال ئۈستىدىكى ھەققىنىڭ قاتارىدىن

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَالَّذِينَ يُتَوَفَّوْنَ مِنْكُمْ وَيَذَرُونَ أَزْوَاجًا يَتَرَبَّصْنَ بِأَنْفُسِهِنَّ أَرْبَعَةَ أَشْهُرٍ وَعَشْرًا﴾ «ئىچىڭلاردا ئۆزى ۋاپات بولۇپ ئاياللىرى قېلىپ قالغان كىشىلەر بولسا، ئاياللىرى تۆت ئاي ئون كۈن ئىددەت تۇتۇشى لازىم». ③

وعن أم حبيبه قالت: قال رسولُ الله ﷺ: «لا يحلُّ لامرأة تؤمن بالله واليومِ الآخر أن تحدَّ على ميتٍ فوق ثلاثِ ليالٍ إلا زوج، فإنها تحِد عليه أربعةَ أشهرٍ وعشراً».

---

① بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

② ئەھمەد ۋە ھاكىم رىۋايىتى، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

③ سۈرە بەقەرە 234- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئۇممۇ ھەبىبە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «اﷲ ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنگەن ئاياللىنىڭ ئېرىگە تۆت ئاي ئون كۈن قارلىق تۇتقاندىن باشقا، ئۆلۈپ كەتكەن تۇغقانلىرىغا ئۈچ كۈندىن ئارتۇق قارلىق تۇتۇشى ھالال بولمايدۇ». ①

وعن أم عطيَّةَ قالت: «كُنَّا نُنْهَى أن نُحِدَّ على مَيِّتٍ فوقَ ثَلاثٍ، إلا على زَوجٍ، أربَعَةَ أشْهُرٍ وعَشْراً، ولا نَكْتَحِلَ، ولا نَتَطَيَّبَ، ولا نَلْبَسَ ثَوباً مَصبُوغاً، إلا ثَوبَ عَصْبٍ ، وقَدْ رُخِّصَ لنا عندَ الطُّهْرِ، إذا اغتَسَلَتْ إحدَانا مِن مَحِيضِها في نُبْذَةٍ من كُسْتِ أَظفَارٍ، وكُنَّا نُنْهى عنِ اتِّباعِ الجنائزِ».

ئۇممۇ ئەتىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: «بىز ئېرىمىزگە تۆت ئاي ئون كۈن قارلىق تۇتقاندىن باشقا، ئۆلۈپ قالغان يېقىنلىرىمىز ئۈچۈن ئۈچ كۈندىن ئارتۇق قارلىق تۇتۇشتىن چەكلەندۇق. قارلىق تۇتقاندا سۈرمە تارتمايتتۇق، خۇشپۇراق ئىشلەتمەيتتۇق، (پۇتۇنلەي) ئاق ۋە قارا يىپتا توقۇلغان كىيىمدىن باشقا رەڭلىك كىيىم كىيمەيتتۇق. ھەيزدىن پاك بولۇپ غۇسلى قىلماقچى بولغاندا كست ئەزفار② دىن ئازراق ئىشلىتىشكە رۇخسەت بېرىلگەنىدى. بىز يەنە جىنازىلارغا ئەگىشىشتىن چەكلەنگەنىدۇق». ③

① بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.
② كست ئەزفار — ئىككى نەرسىنىڭ ئىسمى بولۇپ، بۇ خۇشپۇراق ئەمەس لېكىن ئوت ياقسا تۈتۈنى خۇشپۇراق پۇرايدۇ.
③ بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

# باتىل شەرت

عن أُمِّ مبشرٍ الأنصارية: أن النبيَّ ﷺ خطَبَ أم مبشرٍ بنت البراء بن معرورٍ، فقالت: إني اشترطتُ لزوجي أن لا أتزوَّجَ بعده، فقال النبيُّ ﷺ: «إن هذا لا يصلُحُ».

ئۇممۇ مۇبەششىر ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنها مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ﷺ بەرا ئىبنى مەئرورنىڭ قىزى ئۇممۇ موبەششىرگە سۆز ئېچىۋىدى، ئۇ ئايال: «مەن ئېرىمگە ئۇنىڭدىن كېيىن ياتلىق بولماسلىقنى شەرت قىلغان ئىدىم» دېدى. پەيغەمبەر ﷺ: «بۇ شەرت دۇرۇس ئەمەس» دېدى.[①]

ئەر-ئايال ئوتتۇرىسىدا ئۆزئارا ھەقلەر زوراۋانلىق، قاتتىقلىق، ئۆزىنى چوڭ تۇتۇش ياكى خارلاشتىن يىراق بولۇپ، مۇھەببەت، دوستلۇق، مېھرىبانلىق ۋە مەرھەمەت قىلىشقا تولغان بولۇشى كېرەك. الله تائالا مېھرىباندۇر، ھەممە ئىشتا مېھرىبانلىقنى ياخشى كۆرىدۇ. زوراۋان كىشىگە بەرمىگەن ياخشىلىقنى مېھرىبان كىشىگە بېرىدۇ. الله تائالا بىر ئۆينى ياخشى كۆرسە، ئۇ ئۆيگە مېھرىبانلىق ۋە رەھمەت ئاتا قىلىدۇ. الله تائالادىن ئۆيلىرىمىزنى ۋە بارچە مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆيلىرىنى دوستلۇق، مېھرىبانلىق ۋە رەھمەتلەر بىلەن تولدۇرۇپ بېرىشىنى سورايمىز. الله تائالا بەندىلىرىگە ناھايىتى يېقىندۇر، دۇئالارنى ئاڭلاپ، ئىجابەت قىلغۇچىدۇر.

---

[①] تەبرانى رىۋايىتى.

# ئايالنىڭ ئەر ئۇستىدىكى ھەق ـ ھوقۇقلىرى

ئايالى بىلەن چىرايلىقچە ئۆي تۇتۇش، ئۇنىڭغا مېھرىبانلىق قىلىش، تائام، كىيىم ـ كېچەك ۋە تۇرالغۇسىنى تاقىتىنىڭ يېتىشىچە ياخشىلاپ بېرىش، سەت گەپ قىلماسلىق، ئۆيىنىڭ سىرتىدا تاشلاپ قويماسلىق، ئەگەر ئاياللىرى كۆپ بولسا ھەربىرىگە ئادىللىق قىلىش — ئايالنىڭ ئېرى ئۇستىدىكى ھەقلىرى قاتارىدىن ھېسابلىنىدۇ.

بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَعَاشِرُوهُنَّ بِالْمَعْرُوفِ﴾ «ئۇلار بىلەن چىرايلىقچە تىرىكچىلىك قىلىڭلار».[①]

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَإِنْ خِفْتُمْ أَلَّا تَعْدِلُوا فَوَاحِدَةً أَوْ مَا مَلَكَتْ أَيْمَانُكُمْ﴾ «ئەگەر (ئۇلارنىڭ ئارىسىدا) ئادىل بولالماسلىقىڭلاردىن قورقساڭلار، بىر خوتۇن بىلەن ياكى قول ئاستىڭلاردىكى چۆرىلەر بىلەن كۇپايىلەنسەڭلار بولىدۇ».[②]

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَنْ تَسْتَطِيعُوا أَنْ تَعْدِلُوا بَيْنَ النِّسَاءِ وَلَوْ حَرَصْتُمْ فَلَا تَمِيلُوا كُلَّ الْمَيْلِ فَتَذَرُوهَا كَالْمُعَلَّقَةِ وَإِنْ تُصْلِحُوا وَتَتَّقُوا فَإِنَّ اللَّهَ كَانَ غَفُورًا رَحِيمًا﴾ «قانچە تىرىشساڭلارمۇ ئاياللىرىڭلارغا (مۇھەببەتتە ۋە دىلىنىڭ مايىللىقىدا) باراۋەر مۇئامىلىدە بولۇشقا ھەرگىز قادىر بولالمايسىلەر،[③] شۇنىڭ ئۈچۈن

---

① سۈرە نىسا 19 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

② سۈرە نىسا 3 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

③ ئايەتتىكى قادىر بولالمايدىغان باراۋەرلىك قەلبتىكى ئادىللىق بولۇپ، ئىنسان ھەرقانچە تىرىشسىمۇ بۇنىڭغا قادىر بولالمايدۇ چۈنكى قەلبتىكى ئادىللىق ئىنساننىڭ تاقىتى ۋە قۇدرىتىنىڭ سىرتىدىكى بىر ئىشتۇر. شۇنداق بولغاچقا، ئۇنىڭ ئۆزرىسى قوبۇل قىلىنىدۇ. لېكىن ئاياللار ئوتتۇرىسىدا ئىنساپ قىلىش ۋە ئادىللىق قىلىشقا زىت

بىرسىگە پۈتۈنلەي مايىل بولۇپ، ئىككىنچىسىنى (ئېرى باردەكمۇ ئەمەس، يوقتەكمۇ ئەمەس) ئېسىپ قويۇلغان ئايالدەك تاشلاپ قويماڭلار. ئەگەر (بۇ جەھەتتىكى قۇسۇرلىرىڭلارنى) تۈزەتسەڭلار، (ئۇلارغا زۇلۇم قىلىشتىن) ساقلانساڭلار، الله ئەلۋەتتە (سىلەرگە) مەغپىرەت قىلىدۇ، رەھىم قىلىدۇ». ①

بۇ ھەقتە يەنە تۆۋەندىكىدەك ھەدىسلەر كەلگەن.

عن معاوية بن حيدة قال: قلت يا رسولَ الله ما حقُّ زوجةِ أحدِنا عليه؟ قال: «أن تطعمَها إذا طَعمتَ، وتَكسوها إذا اكتَسيتَ، ولا تَضرِبْ الوجهَ، ولا تُقبّحْ ولا تهجرْ إلا في البيتِ».

مۇئاۋىيە ئىبنى ھەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ﷺ دىن: «ئى رەسۇلۇللاھ، ئاياللىرىمىزنىڭ بىزنىڭ ئۈستىمىزدىكى ھەقلىرى قايسىلار؟» دەپ سورىغان ئىدىم، پەيغەمبەر ﷺ: «تاماق يېگەندە ئۇنىڭغىمۇ يېگۈزگىن، كىيىم كىيگەندە ئۇنىڭغىمۇ كىيگۈزگىن، ئۇنىڭ يۈزىگە ئۇرمىغىن، سەت گەپلەر بىلەن ھاقارەتلىمىگىن، (ئۇنى ئەدەپلەش يۈزىسىدىن تۆشىكىنى ئايرىغاندا) ئۆيدىن باشقا جايغا يالغۇز تاشلاپ قويمىغىن» دەپ جاۋاب بەردى. ②

وعنه قال: قلت يا رسولَ الله نساؤنا ما نأتي منهنَّ وما نَذَر؟ قال: «ائتِ حرثكَ أنَّى شِئتَ، وأطعمها إذا طعِمتَ، واكسها إذا اكتَسَيْتَ، ولا تُقبّح الوجهَ، ولا تضرب».

مۇئاۋىيە ئىبنى ھەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن

---

كېلىدىغان ئىشلار بىلەن تولۇق مايىل بولۇپ كېتىش دۇرۇس ئەمەس.

① سۈرە نىسا 129 ـ ئايەت.

② ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد ۋە ئىبنى ماجە رىۋايىتى، ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.

پەيغەمبەر ﷺ دىن: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئاياللىرىمىز ھەققىدە قايسى ئىشنى قىلىپ، قايسى ئىشتىن ساقلىنىمىز؟» دەپ سورىسام، پەيغەمبەر ﷺ: «ئىككىڭلارلىقىڭغا خالىغان رەۋىشتە كەلگىن، تاماق يېگەندە ئۇنىڭغىمۇ يېگۈزگىن، كىيىم كىيگەندە ئۇنىڭغىمۇ كىيگۈزگىن، سەت گەپلەر بىلەن ھاقارەتلىمىگىن، يۈزىگە ئۇرمىغىن» دېدى.①

وعن عبد الله بن عمرو قال: قال رسولُ الله ﷺ: «كفَى بالمرء إثماً أن يُضيّعَ من يَقُوت». أي من يُعيل من النساء، والأبناء، وغيرهم ممن يدخل في رعايته.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «بىر كىشىنىڭ ئۆزىگە قاراشلىق كىشىلەرنىڭ (خىراجىتىنى) زايە قىلىۋېتىشى يېتەرلىك گۇناھتۇر».② ئايال-بالىلار ۋە ئۇنىڭدىن باشقا كىشىلەرمۇ ئەرنىڭ كۆڭۈل بۆلۈش دائىرىسىگە كىرىپ كېتىدۇ.

وعن أبي شريح خويلد بن عمرو الخزاعي قال: قال النبي ﷺ: «اللهم إني أحَرّجُ حق الضعيفين: اليتيم، والمرأة».

خۇۋەيلىد ئىبنى ئەمر خۇزائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئى الله ! مەن يېتىم ۋە تۇل ئاياللاردىن ئىبارەت ئىككى ئاجىزنىڭ ھەققىنى (يەۋېلىشنىڭ نەقەدەر چوڭ گۇناھ ئىكەنلىكىدىن) قاتتىق ئاگاھلاندۇرىمەن».③

---

① ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

② ئەبۇ داۋۇد ۋە نەسائى رىۋايىتى، ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.

③ ئەھمەد، نەسائى ۋە ئىبنى ماجە رىۋايىتى، ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.

وعن عمرو بن الأحوص أنه سمعَ النبيَّ ﷺ في حَجَّة الوداع، يقول بعد أن حمد الله تعالى وأثنى عليه ووعظ، ثم قال: «ألا واستوصوا بالنِّساءِ خيراً، فإنما هنَّ عَوانٍ عندكم ليس تملكون منهنَّ شيئاً غير ذلك، إلا أن يأتين بفاحشةٍ مبينة، فإن فعلْنَ فاهجروهن في المضاجِع واضربوهن ضَرباً غيرَ مُبرّحٍ، فإن أطعنَكم فلا تبغوا عليهن سبيلاً، ألا إن لكم على نسائكم حقاً ولنسائكم عليكم حقّاً؛ فحقكم عليهن أن لا يُوطِئن فرُشَكُم مَن تكرهون ولا يأذنَّ في بيوتكم لمن تَكرهون، ألا وحقهُنَّ عليكم أن تُحسِنوا إليهنَّ في كسوتِهِنَّ وطعامهِنَّ».

ئەمر ئىبنى ئەھۋەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ۋىدالىشىش ھەجىدە مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم. پەيغەمبەر ﷺ اللە قا ھەمدۇ-سانا ئېيتقاندىن كېيىن ۋەز-نەسىھەت قىلدى، ئاندىن مۇنداق دېدى: «ئاگاھ بولۇڭلار! ئاياللارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىڭلار، ئۇلار سىلەرنىڭ ئالدىڭلاردا قولۇڭلارغا چۈشكەن بىر ئەسىرگە ئوخشايدۇ. سىلەر ئۇلاردىن شۇنىڭدىن باشقا نەرسىلەرگە ئىگە بولالمايسىلەر. ئەگەر ئۇلار ئوچۇق-ئاشكارا بىرەر يامانلىق سادىر قىلسا، ئۇلارنى ياتاق ئۆيلىرىگە تاشلاپ قويۇڭلار (بىللە ياتماسلىق بىلەن جازالاڭلار) ۋە ئۇلارنى قاتتىق ئۇرماڭلار. ئەگەر سىلەرگە ئىتائەت قىلسا، ئۇلارنى بوزەك قىلماڭلار. ئاگاھ بولۇڭلاركى، سىلەرنىڭ ئاياللىرىڭلارنىڭ ئۈستىدە ھەقلىرىڭلار بولغىنىدەك، ئاياللىرىڭلارنىڭمۇ سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلاردا ھەقلىرى بار. سىلەرنىڭ ئۇلار ئۈستىدىكى ھەققىڭلار بولسا، باشقا كىشىلەرنى تۆشەكلىرىڭلارغا يولاتماسلىق ۋە يات كىشىلەرنى ئۆيگە كىرىشكە رۇخسەت قىلماسلىق. ئاگاھ

بولۇشلاركى، ئۇلارنىڭ سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلاردىكى ھەققى بولسا، ئۇلارنىڭ كىيىملىرى ۋە تائاملىرىنى ياخشىلاشتۇر». [1]

وقال ﷺ: «إن اللهَ سائلٌ كلَّ راعٍ عمَّا استرعاهُ؛ حَفِظَ أم ضيَّعَ، حتى يسألَ الرجلَ عن أهلِ بيته».

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ھەقىقەتەن الله تائالا ھەربىر پادىچىنىڭ پادىچىلىق (ئامانىتىنى) ياخشى ئادا قىلغان ياكى زايە قىلغانلىقىدىن سورايدۇ. ئەر كىشىدىنمۇ ھەم ئۇنىڭ ئائىلىسى توغرۇلۇق سورايدۇ». [2]

## تويلۇقنى ۋاقتىدا ياكى كېيىن بېرىشىدىن قەتئىينەزەر تولۇق بېرىش لازىم

عن ميمون الكردي، عن أبيه قال سمعتُ رسولَ الله ﷺ يقول: «أيُّما رجلٍ تزوَّج امرأةً على ما قلَّ من المهرِ أو كثُرَ، ليس في نفسه أن يؤدِّيَ إليها حقَّها، خدَعها، فمات ولم يؤدِّ إليها حقَّها، لقي اللهَ يومَ القيامة وهو زانٍ».

مەيمۇن كەردى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئاتىسىدىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم: «ھەرقانداق بىر كىشى مەيلى كۆپ ياكى ئاز بولسۇن، بەلگىلەنگەن تويلۇقنى بېرىش نىيىتى يوق تۇرۇپ بىر ئايالنى نىكاھىغا ئالسا، ئۇ ئايالنى ئالدىغان بولىدۇ. ئەگەر ئۇ ئايالنىڭ ھەققىنى تولۇق ئادا قىلماستىن ئۆلۈپ كەتسە، قىيامەت

---

[1] تىرمىزى ۋە ئىبنى ماجە رىۋايىتى، ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.

[2] ئىبنى ھىببان ۋە نەسائى رىۋايىتى، ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.

كۈنى الله  تائالاغا زىناخور ھالەتتە ئۇچرىشىدۇ».[1]

وعن عقبة بن عامر قال: قال رسولُ الله ﷺ: «إنَّ أحقَّ الشروطِ أن يوفَّى به، ما استحلَلْتم به الفروجَ».

ئۇقبە ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «شەرتلەر ئىچىدە ئەڭ ۋاپا قىلىشقا تېگىشلىك بولغىنى توي قىلغاندا ئايال تەرەپنىڭ سىلەرگە قويغان شەرتلىرىدۇر».[2]

وعن ابن عمر: «أن رسولَ اللهِ ﷺ نهى عن الشِّغار، والشِّغار: أن يزوِّجَ الرجلُ ابنتَه على أن يزوجَه الآخرُ بنتَه وليس بينهما صِدَاق» أي مهر.

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ﷺ شىغاردىن توسقان. شىغار دېگەن، بىر كىشىنىڭ ئۆز قىزىنى يەنە بىر كىشىگە ئۇنىڭ قىزىنى ئۆز ئەمرىگە ئېلىش شەرتى بىلەن بېرىپ، ئىككى تەرەپ ئۆزئارا مەھر ھەققى ئالماسلىقىدۇر».[3]

وعنه مرفوعاً: «إن أعظمَ الذنوبِ عند الله رجلٌ تزوَّجَ امرأةً، فلمَّا قضى حاجتَه منها طلَّقها وذَهبَ بمهرها، ورجلٌ استعملَ رجلاً فذهبَ بأجرته، وآخَرُ يقتلُ دابَّةً عَبَثاً».

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مەرفۇئ ھالەتتە مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: «الله  تائالانىڭ نەزىرىدە ئەڭ ئېغىر گۇناھ قىلغۇچى بولسا، بىر ئايالنى نىكاھىغا ئېلىپ، ئاندىن ئۇ ئايالدىن

---

[1] تەبرانى رىۋايىتى، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.
[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.
[3] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

ھاجىتىنى ئادا قىلىپ بولغاندىن كېيىن تالاق قىلىۋېتىپ، تويلۇقىنى ھەم ئېلىۋالغان كىشى: يەنە بىرى، بىر كىشىنى ئىشلىتىپ، ئاندىن ئۇنىڭ ھەققىنى بەرمىگەن كىشى؛ يەنە بىرى، بىرەر ھايۋاننى بىھۇدە ئۆلتۈرگەن كىشى». [1]

## تالاقنىڭ ئىددىتىنى تۇتۇۋاتقان ئايالغا نەپىقە ۋە تۇرالغۇ ئۆي - جاي بېرىش ھەققى بار

عن فاطمة بنت قيس قالت: أتيتُ النبيَّ ﷺ فقلت: أنا بنت آل خالدٍ، وإنَّ زوجي فلاناً أرسلَ إليَّ بطلاقي، وإنِّي سألتُ أهلَهُ النفقةَ والسكن، فأبوا عليّ، قالوا: يا رسولَ الله ﷺ إنه قد أرسلَ إليها بثلاثِ تطليقات، قالت: فقال رسول الله ﷺ: «إنما النفقةُ والسَّكنُ للمرأة إذا كان لزوجها عليها الرَّجعةُ».

فاتىمە بىنتى قەيس رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ يېنىغا كېلىپ: «مەن خالىد ئائىلىسىنىڭ قىزى، مېنىڭ ئېرىم پالانى، ئۇ مېنىڭ تالىقىمنى بېرىۋەتتى. مەن ئۇنىڭ ئائىلىسىدىن ماڭا نەپىقە ۋە تۇرالغۇ جاي بېرىشىنى سورىغان ئىدىم لېكىن ئۇلار مېنىڭ (تەلىپىمگە) ئۇنىمىدى» دېسەم، ساھابىلەر: «ئى رەسۇلۇللاھ، ئۇ كىشى بۇ ئايالغا ئۈچ تالاقنى ئەۋەتىپ بېرىپتۇ» دېيىشتى. ئاندىن رەسۇلۇللاھ ﷺ: «نەپىقە ۋە تۇرالغۇ جاي پەقەت ئەرنىڭ يارىشىۋېلىشى دۇرۇس بولىدىغان ئايالغا بېرىلىدۇ» دېدى. [2]

---

[1] ھاكىم ۋە بەيھەقى رىۋايىتى، ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.

[2] ئەھمەد ۋە نەسائى رىۋايىتى، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

## ئايالىغا سەۋر قىلىش، ئۇرۇش ياكى تالاق قىلىشقا ئالدىرىماسلىق

عن المقدام بن معدي كرب، أن رسولَ الله ﷺ قامَ في الناسِ فحمدَ اللهَ وأثنى عليه، ثم قال: «إن اللهَ يوصيكم بالنساء خيراً، إن اللهَ يوصيكم بالنساء خيراً، فإنهنَّ أمهاتُكم، وبناتُكم وخالاتُكم، إن الرجلَ من أهلِ الكتابِ يتزوجُ المرأةَ وما يعلُقُ يَداها الخيطَ، فما يرغبُ واحدٌ منهما عن صاحبه حتى يموتا هَرَماً».

مىقدام ئىبنى مەئدىكەرىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ ﷺ كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا تۇرۇپ اللە قا ھەمدۇ-سانا ئېيتتى، ئاندىن مۇنداق دېدى: «الله تائالا سىلەرنى ئاياللارغا ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرۇيدۇ، الله تائالا سىلەرنى ئاياللارغا ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرۇيدۇ! ھەقىقەتەن ئۇلار سىلەرنىڭ ئانىلىرىڭلار، قىزلىرىڭلار ۋە ھەدىلىرىڭلاردۇر. ئەھلى كىتابتىن بىر كىشى قولى يىپنى تۇتۇپ باقمىغان (يەنى كىچىك) بىر قىز بىلەن ئۆيلىنىدۇ، ھەتتا ئۇ ئىككىيلەن قېرىپ ئۆلگۈچە بىر-بىرىدىن يۈز ئۆرۈمەيدۇ[1]».[2]

وعن أبي هريرة قال: قال رسولُ الله ﷺ: «لا يَفرَكُ مؤمنٌ مؤمنةً، إن كَرِه منها خُلُقاً رضي منها آخر».

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى،

---

[1] بۇ ھەدىستە ھەقتە ئىنساپ قىلىشقا ۋە ھەققە قىزىقتۇرۇشقا دەلىل بار. گەرچە بۇ ھەقنىڭ ئىگىسى كاپىر بولسىمۇ، كىتاب ئەھلىنىڭ ئايالىنى چىڭ تۇتۇش ئادىتى ئەسلى ياخشى ئادەت ئەمما بۇگۈنكى كۈندە، بولۇپمۇ غەرب شەھەرلىرىدە ئۇلارنىڭ بىرى بۇگۈنى توي قىلىپ، ئەتىسى قويۇپ بەرسە پەرۋا قىلمايدۇ.

[2] تەبرانى رىۋايىتى، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «مۇئمىن ئەر مۇئمىن ئايالنى يامان كۆرمىسۇن، ئەگەر ئۇنىڭ بىر ئەخلاقىنى يامان كۆرسە، يەنە بىر ئەخلاقىدىن رازى بولىدۇ».[①]

وعن سمرة قال: قال رسولُ الله ﷺ: «إن المرأةَ خُلِقَت من ضِلعٍ، وإنَّك إن تُرِدْ إقامةَ الضلع تكسرها، فدارِها تعِشْ بها».

سەمۇرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «شۈبھىسىزكى، ئاياللار قوۋۇرغىدىن يارىتىلغان. ئەگەر ئۇنى تۈزلەيمەن دېسەڭ سۇندۇرۇپ قويىسەن، چىقىشىپ ئۆتسەڭ بىرگە ياشايسەن».[②]

وعن أبي هريرة قال: قال رسولُ الله ﷺ: «إن المرأةَ خُلِقت من ضِلعٍ، لن تستقيم لك على طريقةٍ، فإن استمتعتَ بها استمتعت بها وبها عِوَجٌ، وإنْ ذهبتَ تُقيمها كسرتَها، وكَسْرُها طلاقُها».

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئايال كىشى قوۋۇرغىدىن يارىتىلغان، ئۇ ھەرگىز ساڭا بىر خىل رەۋىشتە تۇرۇپ بەرمەيدۇ. ئەگەر پايدىلىنىمەن دېسەڭ، ئەگرىلىك ھالىتىدە پايدىلىنالايسەن؛ ئەگەر تۈزەيمەن دېسەڭ، ئۇنى سۇندۇرۇپ قويىسەن. ئۇ قوۋۇرغىنىڭ سۇنۇشى بولسا تالىقىنى بېرىشتۇر».[③]

وعن عائشة قالت: قال رسولُ الله ﷺ: «إن النساءَ شقائِقُ الرجال».

---

[①] مۇسلىم رىۋايىتى.

[②] ئەھمەد، ئىبنى ھىببان ۋە ھاكىم رىۋايىتى، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[③] مۇسلىم رىۋايىتى.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ھەقىقەتەن ئاياللار ئەرلەرنىڭ قېرىنداشلىرىدۇر».[1]

وعن إياس بن عبد الله بن أبي ذئاب قال: قال رسولُ الله ﷺ: «لا تضربوا إمَاءَ الله». فجاء عمر رضي الله عنه إلى رسولِ الله ﷺ فقال: ذئِرن النساءُ على أزواجهنَّ، فرخَّص في ضربهنَّ، فأطافَ بآل رسولِ الله ﷺ نساءٌ كثير يشكون أزواجَهنَّ، فقال النبيُّ ﷺ: «لقد طافَ بآلِ محمد نساءٌ كثير يشكونَ أزواجَهنَّ، ليس أولئكَ بخيارِكم».

ئىياس ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبۇ زۇباب مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ﷺ: «الله نىڭ ئايال بەندىلىرىنى ئۇرماڭلار» دېدى. كۆپ ئۆتمەي ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قېشىغا كېلىپ: «ئاياللار ئەرلىرىگە بويسۇنمايدىغان بولۇپ كەتتى» دېدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ﷺ ئۇرۇشقا رۇخسەت بەردى. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي نۇرغۇن ئاياللار ئېرىدىن شىكايەت قىلىپ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئۆيىگە كېلىشكە باشلىدى. پەيغەمبەر ﷺ: «نۇرغۇن ئاياللار ئېرىدىن شىكايەت قىلىپ مۇھەممەدنىڭ ئائىلىسى ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈرىدۇ، ئۇلار (يەنى ئايالىنى قاقشاتقانلار) ياخشى كىشىلەر ھېسابلانمايدۇ» دېدى.[2]

وعن عبد الله بن زُمعَةَ قال: قال رسول الله ﷺ: «يعمدُ أحدُكم فيجلدُ امرأتَه جلْدَ العبدِ، فلعلَّه يُضاجِعُها في آخرِ يومه!».

[1] ئەھمەد، تىرمىزى ۋە ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[2] ئەبۇ داۋۇد ۋە ئىبنى ماجە رىۋايىتى، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

ئابدۇللاھ ئىبنى زەمئە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «سىلەردىن بىرىڭلار ئايالىنى قۇلنى قامچىلىغاندەك قامچىلىماقچى بولىدۇ، ئۇ بەلكىم شۇ كۈنى كەچتە ئايالى بىلەن بىرگە بولۇشى مۇمكىن».①

وعن سعد بن أبي وقاص قال: لما كان من أمرِ عثمان بن مظعون الذي كان من تركِ النساء، بعث إليه رسول الله ﷺ فقال: «يا عثمان إني لم أومَر بالرهبانيَّة، أرغبتَ عن سُنتي؟!» قال: لا يا رسولَ الله، قال: «إن من سُنتي أن أصلي وأنامَ، وأصومَ وأَطعَم، وأنكِحَ وأطلِّقَ، فمن رَغِب عن سُنتي فليس مني، يا عثمان إن لأهلك عليك حقًّاً، ولنفسكَ عليك حقًّاً».

سەئىد ئىبنى ئەبى ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ئوسمان ئىبنى مەزئۇن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئاياللىرىنى تەرك ئەتكەن ئىشى (ئاشكارا) بولۇۋېدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنىڭغا ئادەم ئەۋەتىپ: «ئى ئوسمان، ھەقىقەتەن مەن راھىب بولۇشقا بۇيرۇلمىدىم، سەن مېنىڭ سۈننىتىمدىن يۈز ئۆرۈمەكچىمۇ؟» دېۋىدى، ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ياق، ئى رەسۇلۇللاھ» دېدى. پەيغەمبەر ﷺ: «مېنىڭ سۈننىتىم بولسا، نامازىمۇ ئوقۇيمەن، ئۇيقۇنىمۇ ئۇخلايمەن، روزىنىمۇ تۇتىمەن، روزىسىزمۇ يۈرىمەن، خوتۇنىمۇ ئالىمەن، تالاقمۇ قىلىمەن؛ كىمكى مېنىڭ سۈننىتىمدىن يۈز ئۆرۈسە، ئۇ مېنىڭ ئۈممىتىمدىن ئەمەس. ھەقىقەتەن ئەھلىڭنىڭ سەندە ھەققى بار، نەپسىڭنىڭ سەندە ھەققى بار».②

---

① بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

② دارىمى رىۋايىتى، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

وعن أنس، أن نفراً من أصحاب النبيِّ ﷺ، سألوا أزواج النبي ﷺ عن عمله في السِّرِّ، فقال بعضهم: لا أتزوَّجُ النساءَ، وقال بعضهم: لا آكلُ اللحمَ، وقال بعضهم: لا أنامُ على فراشٍ، فحمدَ الله وأثنى عليه، فقال: «ما بالُ أقوامٍ قالوا كذا وكذا؟ ولكني أُصلي وأنام، وأصومُ وأفطر، وأتزوَّجُ النساءَ، فمن رَغِبَ عن سُنَّتي فليس مني».

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ساھابىلىرىدىن بىرنەچچە كىشى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئاياللىرىنىڭ قېشىغا كېلىپ، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مەخپىي ئەمەللىرى توغرۇلۇق سورىدى. ئاندىن ئۇلارنىڭ بەزىسى: «مەن ئاياللارغا ئۆيلەنمەيمەن» دېدى، بەزىسى: «مەن گۆش يېمەيمەن» دېدى، يەنە بەزىسى: «مەن كۆرپە ئۈستىدە ئۇخلىمايمەن» دېدى. پەيغەمبەر ﷺ (بۇنى ئاڭلاپ،) الله قا ھەمدۇ ـ سانا ئېيتقاندىن كېيىن: «مۇنداق ـ مۇنداق گەپلەرنى قىلغان كىشىلەرنىڭ ئەھۋالى نېمە بولار!؟ مەن نامازمۇ ئوقۇيمەن، ئۇيقۇنىمۇ ئۇخلايمەن، روزىنىمۇ تۇتىمەن، روزىسىزمۇ يۈرىمەن، ئاياللارغا ئۆيلىنىمەن؛ كىمكى مېنىڭ سۈننىتىمدىن يۈز ئۆرۈسە، ئۇ مېنىڭ ئۈممىتىمدىن ئەمەس» دېدى.[1]

## ئاياللارنىڭ ھەقلىرىنىڭ قاتارىدىن — ئاياللىرى كۆپ كىشىنىڭ ئاياللىرى ئوتتۇرىسىدا ئادىللىق قىلىشى ۋاجىبتۇر

وعن أبي هريرة قال: قال رسول الله ﷺ: «إذا كانت عند الرجل

[1] مۇسلىم رىۋايىتى.

امرأتان، فلم يعدل بينهما، جاء يومَ القيامة وشِقُّهُ ساقِطٌ».

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «بىر ئەرنىڭ ئىككى ئايالى بولۇپ، ئىككى ئايال ئوتتۇرىسىدا ئادىللىق قىلمىسا قىيامەت كۈنى بەدىنىنىڭ يېرىمى يوق ھالەتتە كېلىدۇ».[1]

وعنه، قال: قال رسولُ الله ﷺ: «من كانت له امرأتان، فمالَ إلى إحداهما، جاء يومَ القيامةِ وشِقُّه مائِلٌ».

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئىككى ئايالى بولۇپ، ئىككى ئايالنىڭ بىرىگە بەكرەك مايىل بولۇپ كەتكەن كىشى قىيامەت كۈنى بەدىنىنىڭ يېرىمى مايماق ھالەتتە كېلىدۇ[2]».[3]

وقال ﷺ: «إن المقْسطِين عند الله على منابرَ من نورٍ، عن يمين الرحمن، وكِلتا يديه يمينٌ، الذين يعدلون في حُكمهم وأهلِيهم، وما وَلُوا».

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئادىللىق قىلغۇچىلار الله نىڭ دەرگاھىدا، ئۇنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى نۇردىن بولغان مۇنبەرلەر ئۈستىدە بولىدۇ. رەھمان تائالانىڭ ئىككىلا قولى ئوڭدۇر. ئۇلار ئۆز ھۆكۈملىرى، ئەھلىلىرى ۋە باشقۇرۇش ئىلكىدىكى كىشىلەرگە ئادىللىق قىلغۇچىلاردۇر».[4]

## ئەر كىشى قىزغا ئۆيلەنگەندە قانچە كۈن، چوكانغا

[1] تىرمىزى ۋە ھاكىم رىۋايىتى، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[2] «ئىككى ئايالنىڭ بىرىگە بەكرەك مايىل بولۇپ كەتسە» دېگەننىڭ مەنىسى، ئەر ئۆزى قادىر بولالايدىغان تۇرۇپ يەنە بىر ئايالىنىڭ ھەققىنى كېمەيتىۋەتكەن بولسا دېگەنلىكتۇر.

[3] ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى ۋە ئىبنى ماجە رىۋايىتى، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[4] مۇسلىم رىۋايىتى.

## ئۆيلەنگەندە قانچە كۈن تۇرىدىغانلىقى ھەققىدە

عن أنس قال: قال رسول الله ﷺ: «إذا تزوَّجَ البِكرَ على الثيِّب أقام عندها سبعاً، وإذا تزوَّج الثيِّبَ على البِكر أقامَ عندها ثلاثاً». أي ثلاثة أيامٍ.

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «چوكان ئالغان كىشى ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنە قىز ئالسا، (يېڭى نىكاھىغا ئالغان) قىز ئايالى بىلەن يەتتە كۈن بىرگە بولىدۇ؛ قىز ئالغان كىشى ئۇنىڭ ئۈستىگە چوكان ئالسا، (يېڭى نىكاھىغا ئالغان) چوكان ئايالى بىلەن ئۈچ كۈن بىرگە بولىدۇ».[1]

## ئايالىغا نەپىقە بېرىش ۋە ياخشىلىق قىلىشنىڭ پەزىلىتى

عن المقدام بن معد يَكرب قال: قال رسولُ الله ﷺ: «ما أطعمتَ زوجتَكَ فهو لك صدقةٌ، وما أطعمتَ ولدَك فهو لك صدَقةٌ، وما أطعمتَ خادمَك فهو لك صدقة، وما أطعمتَ نفسكَ فهو لك صدقة».

مىقدام ئىبنى مەئدىكەرب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئايالىڭغا بەرگەن تائام سەن ئۈچۈن سەدىقە، بالاڭغا بەرگەن تائام سەن ئۈچۈن سەدىقە، خىزمەتچىڭگە بەرگەن تائام سەن ئۈچۈن سەدىقە، ئۆزۈڭگە بەرگەن

[1] مۇسلىم رىۋايىتى.

تائامۇ سەن ئۇچۇن سەدىقىدۇر (يەنى ئەجىر يېزىلىدۇ)[1]». [2]

وعن عمرو بن أمية الضُمري قال: قال رسولُ الله ﷺ: «ما أعطى الرجلُ امرأتَه فهو صدقةٌ».

ئەمر ئىبنى ئۇمەييە زۇمەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئەر كىشىنىڭ ئايالىغا بەرگەن نەرسىسى سەدىقىدۇر (يەنى ئەجىر يېزىلىدۇ)». [3]

وعن سعد بن أبي وقاص، أن رسولَ الله ﷺ قال له: «وإنَّك لن تُنفقَ نفقةً تبتغي بها وجه اللهِ إلا أُجِرتَ بها حتى ما تجعلُ في فِيّ امرأتِكَ».

سەئىد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «سەن الله رازىلىقىنى تىلەپ سەرپ قىلغان ھەرقانداق خىراجىتىڭگە، ھەتتا ئايالىڭنىڭ ئاغزىغا سالغان نەرسەڭگىمۇ چوقۇم ئەجىر ئالىسەن». [4]

وعن أبي هريرة قال: قال رسولُ الله ﷺ: «خيارُكم خيارُكم لنسائهم».

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «سىلەرنىڭ ياخشىلىرىڭلار ئاياللىرىغا ياخشىلىق قىلغانلاردۇر». [5]

وعنه قال: قال رسولُ الله ﷺ: «دينارٌ أنفقتَه في سبيلِ الله، ودينارٌ

---

[1] ھەدىستە ئېيتىلغان بەرگەن تائامنىڭ سەدىقە بولۇشى — نىيىتىنى الله قا خالىس قىلىش ۋە شۇ ئەمەلدە الله تائالانىڭ رازىلىقىنى كۆزلىگەن بولۇشى شەرت قىلىنىدۇ.

[2] ئەھمەد ۋە تەبرانى رىۋايىتى، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[3] ئەھمەد رىۋايىتى، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[4] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

[5] ئىبنى ماجە رىۋايىتى، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

أنفقته في رقبةٍ، ودينارٌ تصدَّقتَ به على مسكين، ودينار أنفقتَه على أهلِك، أعظمُها أجراً الذي أنفقتَه على أهلِك».

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «سېنىڭ اللە يولىدا ئىشلەتكەن بىر دىنارىڭ، قۇل ئازاد قىلىشقا ئىشلەتكەن بىر دىنارىڭ، مىسكىنگە سەدىقە قىلغان بىر دىنارىڭ ۋە ئائىلەڭگە ئىشلەتكەن بىر دىنارىڭنىڭ ئىچىدىن ئەجرى ئەڭ كاتتا بولغىنى ئائىلەڭگە ئىشلەتكەن دىنارىڭدۇر».[1]

وعن ثوبان، قال: قال رسولُ الله ﷺ: «أفضلُ دينارٍ يُنفقه الرجلُ دينارٌ يُنفقُه على عيالِه».

سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىشىنىڭ سەرپ قىلغان خىراجەتلىرى ئىچىدە ساۋابى ئەڭ كاتتىسى ئۆز ئائىلىسىگە خەجلىگەن پۇلىنىڭ ساۋابىدۇر».[2]

وعن عرباض بن سارية قال: قال رسولُ الله ﷺ: «إذا سَقى الرجلُ امرأتَه الماءَ أُجِرَ»، فقمت إليها فسقيتها وأخبرتها بما سمعت.

ئىرباز ئىبنى سارىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ: «ئەر كىشى ئايالىغا سۇ ئىچۈرسىمۇ ئەجىر بېرىلىدۇ» دېۋىدى، مەن بېرىپ ئايالىمغا سۇ ئىچۈردۈم ۋە ئايالىمغا مەن ئاڭلىغان بۇ ھەدىسنى خەۋەر قىلدىم.

وعن عائشة قالت: قال رسولُ الله ﷺ: «خيرُكم خيرُكم لأهلِه،

---

[1] مۇسلىم رىۋايىتى.

[2] مۇسلىم رىۋايىتى.

وأنا خيرُكم لأهلي».

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «سىلەرنىڭ ياخشىلىرىڭلار ئايال-باللىرىغا ياخشى مۇئامىلە قىلغانلاردۇر. مەن ئايال باللىرىمغا سىلەرگە قارىغاندا ئەڭ ياخشى مۇئامىلە قىلىمەن».[1]

وعن ابن عباس قال: قال رسول الله ﷺ: «خيركُم خيركُم للنساء».

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «سىلەرنىڭ ياخشىلىرىڭلار ئاياللىرىغا ياخشىلىق قىلغانلاردۇر».[2]

وعن أبي هريرة قال: قال رسولُ الله ﷺ: «أكملُ المؤمنين إيماناً أحسنُهم خُلُقاً، وخِيارُهم خِيارُهم لنسائهم».

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «مۇئمىنلەرنىڭ ئىچىدىكى ئىمانى كامىل كىشىلەر ئەخلاقىنىڭ ياخشى بولغانلىرىدۇر. سىلەرنىڭ ياخشىلىرىڭلار ئاياللىرىڭلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلغانلىرىڭلاردۇر».[3]

وعن عبد الله بن عمرو قال: قال رسول الله ﷺ: «كفى بالمرءِ إثماً أن يضيّعَ مَن يَقوت».

ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «بىر كىشىنىڭ ئۆزىگە قاراشلىق كىشىلەرنىڭ (خىراجىتىنى) قىسىپ قويۇشى يېتەرلىك

[1] تىرمىزى رىۋايىتى، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.
[2] ھاكىم رىۋايىتى، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.
[3] تىرمىزى ۋە ئىبنى ھىببان رىۋايىتى، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

گۇناھتۇر».[1]

وعن عائشة رضي الله عنها أنها سئُلت عن النبي ﷺ ما كان يَصنعُ في بيته؟ قالت: «كان يكون في مهنةِ أهلِه – يعني خدمة أهله – فإذا حضرَت الصلاةُ، خرجَ إلى الصلاة».

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن: «پەيغەمبەر ﷺ ئۆيدە نېمە ئىشلارنى قىلاتتى؟» دەپ سورالغاندا، ئۇ: «ئاياللىرىغا ياردەمدە بولاتتى، ناماز ۋاقتى بولسا نامازغا چىقاتتى» دېدى.[2]

## ئايالىغا دىنىنى ئۆگىتىش ھەمدە ئايالىنىڭ دىنىغا ۋە ئاخىرەتلىكىگە مەنپەئەتلىك ئىلىمنى يوشۇرماسلىق — ئايالنىڭ ئەر ئۈستىدىكى ھەققىنىڭ قاتارىدىندۇر

الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَأْمُرْ أَهْلَكَ بِالصَّلَاةِ وَاصْطَبِرْ عَلَيْهَا﴾ «(ئى مۇھەممەد!) ئائىلەڭدىكىلەرنى (ۋە ئۈممىتىڭنى) نامازغا بۇيرۇغىن[3]، ئۆزۈڭمۇ ئۇنى ئادا قىلىشقا چىداملىق بولغىن».[4]

عن عبد الله بن مسعود قال: قال رسولُ الله ﷺ: «من كتمَ عِلماً عن أهله، أُلجِمَ يومَ القيامةِ لجاماً من نارٍ».

ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت

[1] ئەبۇ داۋۇد ۋە نەسائى رىۋايىتى، ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.
[2] بۇخارى رىۋايىتى.
[3] ئەھلىگە ناماز ئوقۇشنى، نامازغا ئالاقىدار شەرتلەرنى، پەرزلەرنى، ۋاجىباتلارنى ۋە مۇستەھەبلەرنى ئۆگىتىش — ئەھلىنى نامازغا بۇيرۇشنىڭ قاتارىدىن ھېسابلىنىدۇ.
[4] سۈرە تاھا 132- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىمكى ئىلىمنى باشقىلاردىن يوشۇرسا، قىيامەت كۈنى ئۇنىڭغا ئوتتىن يۈگەن سېلىنىدۇ».[1]

وعن علي في قوله تعالى: ﴿قُوا أَنْفُسَكُمْ وَأَهْلِيكُمْ نَاراً﴾، قال: علِّموا أهليكم الخيرَ.

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ الله تائالانىڭ: «ئۆزۈڭلارنى ۋە بالا-چاقاڭلارنى دوزاختىن ساقلاڭلار» دېگەن ئايەتنى «بالا-چاقاڭلارغا ياخشىلىقنى ئۆگىتىڭلار» دەپ چۈشەندۈرگەن.[2]

وعن ابن عمر قال: قال رسولُ الله ﷺ: «لا تمنعوا النساءَ حظوظَهُنَّ مِن المساجِد، إذا استأذَنَّكُم».

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئاياللار سىلەردىن مەسجىدكە چىقىشقا رۇخسەت سورىسا ئۇلارنى توسماڭلار».[3]

وعن مالك بن الحويرث قال: أتينا رسولَ الله ﷺ ونحنُ شبَبَةٌ متقاربون، فأقمنا عنده عشرين ليلةً، وكان رسولُ الله ﷺ رحيماً رقيقاً، فظنَّ أنَّا قد اشتقنا أهلَنا، فسألنا عن مَن تركنا من أهلِنا، فأخبرناهُ، فقال: «ارجعوا إلى أهليكُم، فأقيموا فيهم، وعلِّموهم ومُرُوهُم، فإذا حضرَت الصلاةُ فليؤذِّنَ لكم أحدُكم، ثم ليؤمَّكُم أكبرُكم».

مالىك ئىبنى ھۇۋەيرىس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ياش

---

[1] ئىبنى ئەدى رىۋايىتى، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[2] ھاكىم رىۋايىتى، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[3] مۇسلىم رىۋايىتى.

جەھەتتىن تەختۇش بولغان بىرنەچچىمىز (ئىسلامنى ئۆگىنىش ئۈچۈن) رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ قېشىدا 20 كۈن تۇردۇق. رەسۇلۇللاھ ﷺ مېھرىبان، ئاقكۆڭۈل كىشى ئىدى. ئۇ بىزنىڭ ئائىلىمىزنى سېغىنغانلىقىمىزنى ھېس قىلىپ، بىزدىن ئائىلىمىزدىكى كىشىلەر توغرۇلۇق سورىدى. بىز خەۋەر بېرىۋېدۇق، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «ئائىلەڭلەرگە قايتىپ، شۇلار بىلەن بىللە تۇرۇڭلار. ئۇلارغا دىنىي ئىلىم ئۆگىتىڭلار، نامازغا بۇيرۇڭلار، نەسىھەت قىلىڭلار. ناماز ۋاقتى بولغاندا بىرىڭلار ئەزان ئوقۇسۇن، ياشتا چوڭراقىڭلار ئىمام بولسۇن» دېدى.[1]

## بىرگە ئۆتۈشتە ئالاقىسى زىچ ۋە ئۇنىڭغا رىئايە قىلىش زۆرۈر بولغان ھەق ۋە ئەدەبلەر

عن جابرٍ قال: قدمتُ من سفرٍ، فأتيتُ النبيَّ ﷺ فقال: «إذا أتيتَ أهلَك فاعمل عملاً كيِّساً». فلما أتيتُ أهلي، قلتُ: إن النبيّ ﷺ قال: «إذا أتيتَ أهلَك فاعمل عملاً كيِّساً»، قالت: دونك.

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن سەپەردىن قايتىپ كېلىپ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ يېنىغا كېلىۋېدىم، پەيغەمبەر ﷺ: «ئەگەر ئائىلەڭگە بارساڭ زېرەك كىشىنىڭ ئىشىنى قىلغىن»[2] دېدى. مەن ئائىلەمگە قايتىپ: «پەيغەمبەر ﷺ: <ئەگەر ئائىلەڭگە بارساڭ زېرەك كىشىنىڭ ئىشىنى قىلغىن> دېدى» دېسەم، ئايالىم: «شۇنداق قىلىڭ» دېدى.[3]

---

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

[2] «زېرەك كىشىنىڭ ئىشى» دېگىنى، ئايالنى ئېرىگە قىزىقتۇرىدىغان ۋە سۆيۈندۈرىدىغان، شەرئىي جەھەتتە رۇخسەت بولغان ھەربىر ئىشنى كۆرسىتىدۇ.

[3] خەتىب رىۋايىتى، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

وعنه قال: قال رسول الله ﷺ: «إذا أطال أحدكم الغَيبَة، فلا يَطرقْ أهلَه ليلاً».

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «سىلەردىن بىرىڭلار ئۇزۇن مۇددەت سەپەرگە چىقىپ كېتىپ قايتىپ كەلگىنىدە ئۆيىگە كېچىسى كىرمىسۇن[1]».[2]

وعنه قال: كنا مع رسول الله ﷺ في غزاةٍ، فلما قدِمنا المدينَة، ذهبنا لندخل فقال: «أمهلوا حتى ندخلَ ليلاً، كي تمتشِطَ الشَّعثَةُ، وتستحِدّ المغيَّبَةُ»، قال: وقال: «فإذا قَدِمتَ، فالكَيْس الكيس».

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىز رەسۇلۇللاھ ﷺ بىلەن بىرگە غازاتقا چىققان ئىدۇق. مەدىنىگە كەلگەن ۋاقىتتا ئۆيلىرىمىزگە كىرمەكچى بولۇۋېدۇق، پەيغەمبەر ﷺ: «ئالدىرىماڭلار، كەچ كىرگەندە كىرەيلى، ئاياللىرىڭلار چېچىنى تاراپ، تەييارلىق قىلىۋالسۇن[3] » دېدى. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ﷺ ئايالىڭنىڭ قېشىغا بارساڭ كەيسنى لازىم تۇت[4]»

---

[1] «كېچىسى كىرمىسۇن» دېگەننىڭ مەنىسى، ئايال ئۆزىنى تۈزەشتۈرۈۋېلىشتىن بۇرۇن ئۇنىڭغا بىلدۈرمەي كېچىسى ئۇشتۇمتۇت كەلمىسۇن دېگەنلىك بولىدۇ. چۈنكى ئەر ئالدىن بىلدۈرمەي ئۇشتۇمتۇت كەلسە، ئايالىدىن كۆزى خۇرسەن بولمايدىغان كۆرۈمسىز ھالەتنى كۆرۈشى مۇمكىن، شۇنداقلا بۇ خىل ھالەت ئېرىگە پەقەت چىرايلىق ۋە گۈزەل ھالىتىنى كۆرسىتىشكە قىزىقىدىغان سالىھە ئايالغا ئەزىيەت بولىدۇ.

[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

[3] سەپەردىن كەلگەندە كېچىسى كىرىشكە بۇيرۇشنىڭ سەۋەبى، ئۇلارغا بىلدۈرمەستىن ئۇشتۇمتۇت كەلمىسۇن دېمەكچى. پەيغەمبەر ﷺ نىڭ كۈندۈزى كېلىپ: «ئالدىرىماڭلار، كەچ كىرگەندە كىرەيلى» دېگەن سۆزى مۇشۇ مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ يەردىكى كىرىشتىن توسۇش ھارام ئىكەنلىكىنى بىلدۈرمەيدۇ بەلكى بۇ پەقەت پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئەدەبلىرىدىن بىر ئەدەب بولۇپ، بىز شۇنىڭغا چاقىرىمىز.

[4] «كەيسنى لازىم تۇت» دېگەننىڭ مەنىسى: «بىرگە بولماقچى بولساڭ، ئۆيدىن ئۇزۇن

دېدى.[1]

وعن أنسٍ قال: كان النبيُّ ﷺ لا يطرُقُ أهلَه، كان لا يدخل إلا غدوةً أو عيشة.

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ﷺ سەپەردىن كەلسە، ئۆيىگە ئەتىگەن ياكى كەچقۇرۇن كىرەتتى.[2]

وعن ابن عمر، أن رسول الله ﷺ أقبل من غزوةٍ فقال: «يا أيها الناس! لا تطرقوا النِّساءَ ليلاً، ولا تغتروهنَّ».

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇرۇشتىن قايتىشتىن بۇرۇن مۇنداق دېدى: «ئى ئىنسانلار! ئاياللىرىڭلارنىڭ قېشىغا كېچىسى كىرمەڭلار، ئۇشتۇمتۇت كىرمەڭلار».[3]

ئۇلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىش ۋە ئۇلار بىلەن مۇباھ ئويۇنلارنى ئويناش بولسا ئاياللارغا بولغان ئەدەب ۋە ئۇلارنىڭ ھەقلىرىدىن بولۇپ، بۇ شۇنداقلا الله ۋە الله نىڭ رەسۇلى بۇيرۇغان ياخشى ھەمسۆھبەت بولۇشنى تولۇقلىغۇچى ئامىللارنىڭ قاتارىدىن ھېسابلىنىدۇ.

عن عائشة زوج النبي ﷺ قالت: دخل الحبشةُ المسجدَ يلعبون، فقال لي: «يا حُمَيْراء أتحبين أن تنظري إليهم»، يعني إلى لعب الحبشَةَ

---

مۇددەت ئايرىلغانلىقىڭ سەۋەبلىك مەكرۇھقا ياكى شەرئەت چەكلىگەن ئىشقا چۈشۈپ قېلىشتىن ئېھتىيات قىل» دېگەنلىك بولىدۇ.

[1] مۇسلىم رىۋايىتى.

[2] بۇخارى رىۋايىتى.

[3] بەززار رىۋايىتى، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

ورقصِهم في المسجد، فقلتُ: نعم، فقام على الباب، وجئته، فوضعتُ ذقني على عاتِقه، فأسندتُ وجهي إلى خدِّه، قالت: ومن قولهم يومئذٍ: أبا القاسم طَيِّباً، فقال رسولُ الله ﷺ: «حسبُكِ؟»، فقلت: يا رسول الله لا تعجل، فقام لي، ثم قال: «حسبُكِ؟»، فقلتُ: لا تعجل يا رسولَ الله! قالت: وما لي حبُّ النظر إليهم، ولكني أحببتُ أن يبلغَ النساءَ مقامُه لي، ومكاني منه.

پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئايالى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنها مۇنداق دەيدۇ: ھەبەشىيلەر مەسجىدكە كىرىپ ئويناۋاتاتتى. پەيغەمبەر ﷺ ماڭا: «ئى گۇلۇم، ھەبەشىيلەرنىڭ مەسجىدتىكى ئويۇننى كۆرۈشنى خالامسىز؟» دېدى. مەن: «ھەئە» دېۋىدىم. پەيغەمبەر ﷺ ئىشىك يېنىدا تۇردى. مەن كېلىپ ئېڭىكىمنى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۈرىسىگە قويۇپ، يۈزۈمنى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مەڭزىگە چاپلاپ تۇردۇم. ئۇلارنىڭ شۇ كۈندىكى سۆزلىرىدە «ئوبۇلقاسىم ياخشى» دېگەن سۆز بار ئىدى. پەيغەمبەر ﷺ: «بولدىمۇ؟» دەپ سورىۋېدى، مەن: «ئى رەسۇلۇللاھ، ياق تېخى» دېدىم. پەيغەمبەر ﷺ بىردەم تۇرۇپ بېرىپ، ئاندىن يەنە: «ئەمدى بولدىمۇ؟» دەپ سورىۋېدى، مەن: «ئى رەسۇلۇللاھ، ياق تېخى» دېدىم. ئەمەلىيەتتە مەن ئۇلارنىڭ ئويۇننى كۆرۈشنى ياخشى كۆرمەيتتىم لېكىن مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ماڭا بولغان ئورنى (ئامراقلىقىم) ۋە مېنىڭ رەسۇلۇللاھ ﷺ گە بولغان ئورنۇم (ئامراقلىقى)نىڭ ئاياللارغا يېتىپ بېرىشىنى ئارزۇ قىلاتتىم.

وعنها رضي الله عنها قالت: «أنها كانت مع رسولِ الله ﷺ في

سفرٍ، وهي جارية، قالت: لم أحمل اللحمَ، ولم أُبْدِنْ، فقال لأصحابه: تقدموا، فتقدموا، ثم قال: تعالي أسابقُك، فسابقتُه، فسبقتُه على رجلَي، فلما كان بعدُ خرجتُ معه في سفرٍ فقال لأصحابه: تقدَّموا، ثم قال: تعالي أسابِقُكِ، ونسيت الذي كان، وقد حملتُ اللحمَ، وبدَّنتُ، فقلت: كيف أسابقك يا رسولَ الله وأنا على هذه الحال؟ فقال: لتفعَلِن، فسابقته، فسبقني، فجعل يضحكُ ويقول: «هذه بتلكَ السَّبقةِ».

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: بىر سەپەردە مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ بىلەن بىرگە ئىدىم. ئۇ چاغدا مەن تېخى كىچىك قىز بولۇپ، گۆشسىز ھەم ئورۇق ئىدىم. پەيغەمبەر ﷺ ساھابىلىرىغا: «سىلەر ماڭغاچ تۇرۇڭلار» دېدى، ساھابىلەر ئىلگىرىلەپ كەتتى. ئاندىن ماڭا: «كېلىڭ، مۇسابىقىلىشەيلى» دېدى. مەن ئۇنىڭ بىلەن مۇسابىقىلىشىپ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتتىم. كېيىن رەسۇلۇللاھ ﷺ بىلەن يەنە بىر قېتىم بىرگە سەپەرگە چىقتىم. پەيغەمبەر ﷺ ساھابىلىرىغا: «سىلەر ماڭغاچ تۇرۇڭلار» دېدى، ئاندىن ماڭا: «كېلىڭ، مۇسابىقىلىشەيلى» دېدى. مەن ئىلگىرىكى ئىشنى ئۇنتۇپ قالغان ئىدىم. بۇ قېتىم ماڭا گۆش تولۇپ، سەمرىپ قالغان ئىدىم. مەن: «سىلى بىلەن قانداق مۇسابىقىلىشىمەن، مەن بۇ ھالەتتە تۇرسام؟» دېۋىدىم، پەيغەمبەر ﷺ: «ئەلۋەتتە مۇسابىقىلىشەلەيسىز» دېدى. شۇنىڭ بىلەن مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ بىلەن مۇسابىقىلىشىپ يېڭىلىپ قالدىم. رەسۇلۇللاھ ﷺ كۈلۈپ كەتتى ۋە: «بۇ ئىلگىرىكىسى بىلەن تەڭلەشتى» دېدى.[1]

[1] ئەھمەد ۋە نەسائى رىۋايىتى، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

وعنها رضي الله عنها قالت: كُنتُ أشربُ وأنا حائضٌ، ثم أناولُه النبيَّ ﷺ، فيضع فاهُ على موضِعِ فِيَّ، فيشرَبُ، وأتَعَرَّقُ العَرْقَ وأنا حائضٌ ثمَّ أناولُهُ النبيَّ ﷺ فيضعُ فاهُ على موضِعِ فِيَّ.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: مەن ھەيزدار ھالىتىمدە ئىچىملىك ئىچىپ ئاندىن پەيغەمبەر ﷺ گە ئۇزاتسام، پەيغەمبەر ﷺ مەن ئىچكەن ئورۇنغا ئاغزىنى قويۇپ ئىچەتتى. مەن ھەيزدار ھالىتىمدە سۆڭەكلىك گۆشنى غاجىلاپ ئاندىن پەيغەمبەر ﷺ گە ئۇزاتسام، پەيغەمبەر ﷺ مەن يېگەن ئورۇنغا ئاغزىنى قويۇپ يەيتتى.[1]

وعن جابر بن عبد الله، عن النبي ﷺ قال: «كلُّ شيءٍ ليس من ذكر الله فهو لغوٌ، ولهو أو سهو إلا أربعُ خصالٍ: مشيُ الرجلِ بين الغرَضين، وتأديبُه فرسَه، وملاعبتُه أهله، وتعلُّم السِّباحةِ».

جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «اللہ نىڭ زىكرىدىن باشقا بارلىق ئىشلار بىھۇدە ئويۇنلاردۇر ياكى غاپىللىقتۇر لېكىن تۆۋەندىكى تۆت خىسلەت بۇنىڭ سىرتىدا: ئوق ئېتىشنى مەشىق قىلىش، ئېتىنى چېنىقتۇرۇش، ئايالى بىلەن ئوينىشىش ۋە سۇ ئۈزۈشنى ئۆگىنىش».[2]

ھەربىر كىشى شۇنى بىلىشى كېرەككى، دىن ۋە ئەقىدىگە باغلىنىشتىن كېيىنكى ئەڭ يۇكسەك باغلىنىش ۋە رىشتە بولسا، ئەر-ئايال ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىش ۋە رىشتىدۇر. ئەر-ئاياللار

[1] مۇسلىم رىۋايىتى.

[2] نەسائى ۋە تەبرانى رىۋايىتى، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

الله قا ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىغا ئىتائەت قىلىش بىلەن بۇ باغلىنىشنى مۇھاپىزەت قىلىسۇن. ئەگەر شەيتان ئىككىيلەننىڭ ئارىسىنى بۇزسا ۋە ئىككىيلەن بىرەر ئىشتا تالاش ـ تارتىش قىلىپ قالسا، تالاش ـ تارتىش قىلغان ئىشنى الله نىڭ كىتابى ۋە رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ سۈننىتىگە رازى بولغان، بويسۇنغان ۋە تەسلىم بولغان ھالەتتە قايتۇرسۇن، بۇ ھەم ئىماننىڭ تەلەپلىرىنىڭ قاتارىدىن. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَإِنْ تَنَازَعْتُمْ فِي شَيْءٍ فَرُدُّوهُ إِلَى اللَّهِ وَالرَّسُولِ إِنْ كُنْتُمْ تُؤْمِنُونَ بِاللَّهِ وَالْيَوْمِ الْآخِرِ ذَلِكَ خَيْرٌ وَأَحْسَنُ تَأْوِيلاً﴾ «ئەگەر سىلەر بىر شەيئىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالساڭلار، بۇ توغرىدا الله قا ۋە پەيغەمبەرگە مۇراجىئەت قىلىڭلار، بۇ (يەنى الله نىڭ كىتابىغا ۋە پەيغەمبىرىنىڭ سۈننىتىگە مۇراجىئەت قىلىش) سىلەر ئۈچۈن پايدىلىقتۇر، نەتىجە ئېتىبارى بىلەن گۈزەلدۇر».[①]

ئەر ـ ئايال ھەر ئىككىسى ئۆز مەنپەئىتى ۋە ئۇنىڭ ئۈستىگە يۈكلەنگەن ھەق ـ ۋاجىباتلارغا ئەھمىيەت بېرىشى — ئەر ـ ئاياللىق ھاياتتىكى نىجاتلىقتا ئېرىششنىڭ زۆرۈر ئامىللىرى قاتارىدىن. مۇشكۇلاتلارنىڭ كۆپىنچىسى ئەر ـ ئاياللار ئۆز مەنپەئەتى ئۈچۈن بولغان ھەقلەرگىلا ئەھمىيەت بېرىپ، يەنە بىر تەرەپنىڭ ئۆزى ئۈستىگە يۈكلەنگەن ھەق ـ ۋاجىباتلارغا كارى بولمىغانلىقتىن يۈز بېرىۋاتىدۇ.

وصلى الله على محمد النبي وعلى اله وصحبه وسلم

---

① سۇرە نىسا 59 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.